
پەرھات تۇرسۇن

# مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە



شنجاڭ خەلق نەشرياتى

پەرهات تۇرسۇن



مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر

# مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن 100 پارچە

ئاپتورى: پەرھات تۇرسۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1998 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3,000
ISBN7—228—04611—0/I · 1718
باھاسى: 6.20 يۈەن

## مۇندەرىجە

سىم ـ سىم يامغۇر ........ 1
قولۇڭنى بەر سىقىپ قوياي ئىللىتىپ ........ 2
توزىدى گۈل بەرگى بەلكىم بېغىڭدا ........ 4
سېنى تونۇيالمىدىم ........ 5
ياشلىقىم ـ كۆز ياشقا چۆمۈلگەن شېئىر ........ 6
بۇ قانداق ئالداش ........ 8
سېنىڭ ناخشاڭ ........ 9
شەھلا كۆزلىرىڭ ........ 10
ئۈچرىشىش ........ 11
قۇرۇپ كەتتى تۇتقان گۈللىرىڭ ........ 13
ئۆزۈڭ بىر ناخشىسەن ........ 14
مەن بۈگۈن چۈشۈمدە كۆرگەچكە سېنى ........ 15
قار ........ 17
ئاھ، بۇرۇنقى ئۇماق سەبى قارىشىڭ نەدە ؟ ........ 18
ئېھ ياشلىق مىسلىسىز گۈزەل تا ئەبەت ........ 19
ئۈن ـ تىنسىز دەرد ـ ھەسرەت قايناملىرىدا ........ 20
ھايات مەنىلىك كۆز ياش بىلەنلا ........ 21
باھار ۋە خازان ........ 22
ئىچتىم تالاي ئەڭ ئاخىرقى دەپ ........ 23
ئاياللار ........ 24
قورقمىغىن سۆيگۈمدىن قورقۇش بىھاجەت ........ 25
ئېچىنمايمەن ........ 26

يوشۇرمىغىن ياشقا تولغان كۆزۈڭنى ..................28
ماڭا مەڭگۈ شېرىن پۇراق ئۇتلۇق سۆيگۈ يار .................. 29
ئىككىمىز بىرلىكتە ئاڭلىغان ناخشا .................. 30
نەلەرگە يوقالدىڭ بۈگۈن ئامرىقىم .................. 31
ھەممىسى تۈگەشتى سوغۇق شامالدا .................. 32
ھىجران .................. 33
بۇ گۈزەل جىمجىت ۋە خىلۋەت گۈلشەندە .................. 34
ئەلۋىدا خوشلاشتۇق كۆزلىرىمدە ياش .................. 35
تەلپۈن مېنىڭ مىسكىن يۈرىكىم .................. 36
شېرىن كۈيدەك گۈزەل شۇ كېچە .................. 37
گۇگۇم .................. 38
لەۋلىرىڭنى سۆيدۈرۈۋەرمە .................. 40
تۇنجى مۇھەببەت .................. 41
بىرىنچى ئىيۇن كېچىسى .................. 43
ئېزىنقىش .................. 45
بىلگەچكە نېمە ئۇ سۆيگۈ ۋە سۆيۈش .................. 46
ئۇيقۇدىكى پەرىزات .................. 48
ۋىسال .................. 49
G غا .................. 50
مۇڭلىنىپ ھۇۋلايدۇ بىچارە شامال .................. 52
چىغىر يول ..................53
خىلۋەتتە ئاھ غېرىب شۇ تاش ئورۇندۇق .................. 54
شىمالنىڭ شاملى كەلمەكتە قىستاپ .................. 55
كۆزۈمنى يۇممەن .................. 56
بىر سادا كېلىدۇ يىراق - يىراقتىن .................. 57
بولغاندەك ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرماقچى .................. 59


توزاق .................. 60
خەير دەپ قولۇڭنى كۆتۈردۈڭ بەلكىم ..................61
يامغۇر چۈشمەكتە كېچە قوينىدىن ..................62
سەن مېنى باشلىدىڭ نەپىس تانسىغا ..................63
پەرىزات بېلىق .................. 64
قاردىكى ئىزلىرىم بىچارە تەنھا .................. 65
كۈتۈش .................. 66
تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ سوغۇق كېچىسى .................. 67
ئايالىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە .................. 69
بىر ئوماق قىزچاق بار، ئاھ شۇنچە ئوماق .................. 70
يامان چۈش .................. 71
ئۇنتۇلۇپ كېتىسەن بەلكىم سەن مېنى .................. 72
سەن دېدىڭ: تۈگەشتى ئەمدى ھەممىسى .................. 73
H غا .................. 74
ناخشا .................. 75
مۇڭلىنىپ ئېيتماقچى بولساڭ گەر ناخشا .................. 76
ھاياتتىنمۇ مۇقەددەس سۆيگۈ .................. 77
مەن ساڭا مەكتۇپلار پۈتىمەن، لېكىن - .................. 78
مۇھەببەت ناتونۇش! .................. 79
سۆيۈشمۇ ئانچىلىك ئازابلىق ئەمەس .................. 80
تىكىلىپ قارىما ئەمدى كۆزۈمگە .................. 81
ئاننا ئاخماتوۋاغا تەقلىد .................. 83
ئۈمىد — ئازاب .................. 84
كېچە .................. 85
ياڭگاچ . . . يالڭاچ . . . يالڭاچ .................. 86
قار ياغقان كوچىنى ئايلانما ئەمدى .................. 87

تەشنالىق ........................................ 88
مەيلى سەن ئالداۋەر ، ئالداۋەر مېنى ........................ 89
ئېگىرىغان نەپەستەك تۆكۈلگەن كۆز ياش ........................ 90
كۆيۈش ........................................ 91
ئازاب ........................................ 92
خىيال ........................................ 93
مەن بىلىمەن تۆت كۈنلۈكلا ئالەم بۇ ........................ 94
پويىز كىرمەكتە كۆتىرىپ پەرياد ........................ 95
G نىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ........................ 96
ھېسداشلىق ۋە مۇھەببەت ........................ 97
شائىرە زىبۇننىساغا ........................ 99
سۆيۈش ........................................ 101
قاچۇرىمەن كۆزۈمنى ........................ 103
تاڭ سەھەر يامغۇردىن كېيىن چىمەندە ........................ 104
H S غا ........................................ 105
بوغۇلغان ئىلھام ........................ 106
ئۇچقۇنداپ تۇرار قار كۆيگەن يۈرەكتەك ........................ 107
تۇنجى سۆيگۈ . . . تۇنجى ئۇنتۇش ........................ 108
ئاسىي دوست ........................ 109
سوۋغا ........................................ 110
تۇنجى تۇيغۇ ........................ 112
ئاڭلىغۇم بار ........................ 114
20 ـ دېكابىر ........................ 115
ئەجەبمۇ بىر ئوماق بالا ئىدىممەن ........................ 117
M غا ........................................ 118
زىمىستان باشلىنار ياڭزاردىن ھامان ........................ 119


## سىم ـ سىم يامغۇر

سىم ـ سىم يامغۇر ئېلىپ كېلەر سېغىنىشلارنى ،
ئاستا مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كېلىمەن .
ئازابلايدۇ كوچىلارنىڭ ئادەمسىزلىكى ،
تۇپراقنىڭ شۇ نەم ھىدىگە قۇچاق ئاچىمەن .

تارقىلىدۇ تۆت تەرەپكە ئاياق تاۋۇشۇم ،
شۇنچە غېرىب ، شۇنچە يالغۇز ، دەردلىك كۈي كەبى .
ئېغىر تىنىپ ، باش كۆتۈرۈپ كۆككە قارايمەن ،
چۈشەر ئوتتەك يۈزلىرىمگە يامغۇر تامچىسى .

تارقىلىدۇ تۆت تەرەپكە ئاياغ تاۋۇشۇم ،
ئاچچىق ۋە سۇس تىترىگەندەك تۇيۇلار ئەتراپ .
بىلىمەنكى ، تىترىمەيدۇ ھېچنەرسە بىراق ،
قاتتىق ئۇيقۇ قۇچىقىدا كىشىلەر شۇ تاپ .

سىم ـ سىم يامغۇر ئېلىپ كېلەر سېغىنىشلارنى ،
بىلەلمىدىم كوچىلاردىن ئىزلىدىم نېمە ؟
بىلەلمىدىم كۆز ياشمۇ يا يامغۇر تامچىسى ،
مەڭزىم بويلاپ ئېقىپ چۈشكەن ئاشۇ دەقىقە .

## قولۇڭنى بەر سىقىپ قوياي ئىللىتىپ

قولۇڭنى بەر، سىقىپ قوياي ئىللىتىپ ،
ئوت كەبى قىزىق بۇ ئالقانلىرىمدا .
تېنىڭدە ھارارەت ئويغىتاي سېنىڭ ،
مىسلىسىز ئاتەش بار پىغانلىرىمدا .

شۇۋرغان ئۇرۇلار نازۇك تېنىڭگە ،
سەزدىڭمۇ قولۇڭنىڭ توڭلاشلىرىنى ؟
قاراڭغۇ سازلىقتا يۈرگەندەك گويا ،
سېزەمسەن نەلەرگە چۆكۈپ كېتىشنى ؟

قولۇڭنى قوي مېنىڭ ئالقانلىرىمغا ،
قاراڭغۇ سازلىقتا چۆكۈپ كەتمەيسەن .
ھېس قىلغىن جىسمىمنىڭ ھارارىتىنى ،
بىلگىنكى سەن ئىزلەپ يۈرگەن كىشى مەن .

گاھىدا ئويغىنىپ يامان چۈشلەردىن ،
ئىزلەمسەن قولۇڭنى سوزۇپ قولۇمنى ؟
ئەيمىنىپ تىكىلىپ قاراڭغۇلۇقتا ،
ئىزلەمسەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزۈمنى ؟



قار چۈشەر يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ ئاچچىق ،
سەزدىمكى بەك ئۇزاق بۇ يىل كەلگەن قىش .
قول ئاسان توڭلايدۇ بۇنداق سوغۇقتا ،
بەكمۇ تەس سۆيگۈنى ھېس قىلىپ يېتىش .

## توزىدى گۈل بەرگى بەلكىم بېغىڭدا

توزىدى گۈل بەرگى بەلكىم بېغىڭدا ،
چېھرىڭدىن سۇلغۇنلۇق سېزىمەن ھەردەم .
سۆيگۈنىڭ خۇش ھىدى ئۆچتى تېنىڭدا ،
نېمىگە تەشنا سەن شۇ تاپتا ئەركەم ؟!

كېچىدە تەنھالىق قىينامدۇ سېنى ،
سېزەمسەن سۆيگۈنىڭ شېرىنلىكىنى ؟
گاھىدا ئېسىڭگە ئالامسەن مېنى ،
سېزەمسەن كېچىنىڭ چەكسىزلىكىنى ؟

ھەر سەھەر دېرىزەم تۈۋىگە قاراپ ،
تونۇيمەن قاردىكى ئىزىڭنى سېنىڭ .
شۇ ئىزغا ئوت تەپتى يۈزۈمنى يېقىپ ،
پۇرايمەن ئۇندا خۇش ھىدىڭنى سېنىڭ .



## سېنى تونۇيالمىدىم

بىلەمسەن مەن سېنى تونۇيالمىدىم ،
ئىككىمىز سۆيۈشكەن شۇ كۈندىن بېرى .
سۆيۈشلەر سېنىڭكى سۆيۈشنىڭ ئەمەس ،
ئۇ شاللاق كۈلۈشلەر ئەمەس سېنىڭكى .

سۆيۈشكەن چاغدىكى سېنىڭ كۈلۈشىڭ ،
جىسمىمنى شۇررىدە ئۆتتى ئېرىتىپ .
ئوت كەبى يېلىنجاپ بارچە شاللاقلىق ،
يوقالدى يۈكسەكلىك كۆلگە ئايلىنىپ .

بۇرۇنقى ئۈن ـ تىنسىز سۆيۈشلەر قېنى ؟
بۇرۇنقى ئازابلىق قاراشلار قېنى ؟
كىيىنگەن بولساڭمۇ قىش بولغاچ قېلىن ،
گوياكى يالىڭاچ ھېس قىلدىم سېنى .

قار ھۇۋلاپ ئۇچماقتا ۋۇجۇدىمىزغا ،
قورقامسەن يالىڭاچ تۇرۇشتىن بۇندا ؟
پۇتلىرىم ئۇيۇشۇپ بارماقتا مۇزلاپ ،
ماجال يوق خەير دەپ كېتىپ قېلىشقا . . .

## ياشلىقىم — كۆز ياشقا چۈمۈلگەن شېئىر

ياشلىقىم — كۆز ياشقا چۈمۈلگەن شېئىر ؛
ئاھ ، شۇنچە گۈزەل ئۇ ، ئاھ ، شۇنچە مۇڭلۇق .
سۆيگۈنىڭ ئورنىغا قىلىمەن سۈكۈت ،
ناخشىنىڭ ئورنىغا ئۇھ تارتىپ ئوتلۇق .

ياشلىقىم مەڭگۈلۈك قانماس گۈل ؛ ئاڭا ـ
تامچىمۇ بولالماس سۆيگۈ ئوكيانى .
باھارنى تاپشۇرۇپ يات قىز قولىغا ،
ئۈن ـ تىنسىز كۈتىدۇ خازان پەسلىنى .

ياشلىقىم ـ ئېسەدەش ، سۇلغۇن ۋە ھارغىن ؛
قەبرىستان ئۈستىدە ئېيتىلغان ناخشا .
ئاھ ! قاخشال دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرغان
بىر يېشىل ياپراق ئۇ سۆيگۈگە تەشنا .

موھتاجلىق ، تەشنالىق ، ئۈنسىز ئاھ ئۇرۇش . . .
سۆيگۈنىڭ ئاخىرقى جانسىز ئۈمىدى .
ئاھ ، لېكىن بىزارلىق مەڭگۈلۈك يىراق ،
ياشايمەن يالقۇنلۇق چۈش بىلەن تېخى .

سۆيۈشسىز ئىسراپ بوپ كەتمەكتە لەۋلەر ،
ئىسراپ بوپ كەتمەكتە تەنها مۇھەببەت .



زىمىستان قوينىدا كۆيەر تەنها ئوت ،
ئىسراپ بوپ كەتمەكتە چەكسىز ھارارەت .

1987 ـ يىل 22 ـ ماي ، بېيجىڭ

## بۇ قانداق ئالداش ؟

ھەر بىر ئوتلۇق بېقىشىڭغا بېرەلمەس بەرداش ،
يۈرىكىمنى ياسىسىمۇ قىلىپ ئەگەر تاش .
بىز ئۇچراشقان چاغدا دائىم يۈرەك گۈپۈلدەپ ،
رەڭگىم ئۆڭۈپ تىترەر جىسمىم سىمابقا ئوخشاش .
نېمە ئانچە نازلىق كۈلۈپ جاننى ئالىسەن ؟
بۇ دۇنيادا بارمۇ يەنە بۇ قەدەر ئالداش ؟
مەن يىغلىسام سەن كۈلىسەن سۆيۈملۈك جانان .
مەن بىلىمەن سەن ئەمەسسەن مەن بىلەن دەردداش ؛
يەنە نېچۈن شوخ كۈلكەڭگە بولۇپ مەھلىيا ؛
كۆرەلمىگەن چاغلىرىمدا قىلىمەن كۆز ياش ؟!
سېزىمەنكى چىن يۈرەكتىن سۆيمەيسەن مېنى ،
نېمە كېرەك كۆز ئوينىتىپ يەنە ئازابلاش ؟
ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ تاشلا سۆيگۈڭدىن تامام ،
بېرەلمىدىم مەن بۇ غۇۋا ئۈمىدكە بەرداش .
بىلەلمىدىم يالغان كۈلكەڭ ، گۈزەل چىرايىڭ
نېچۈن مېنى ئاشىق قىلار بۇنچە قەلەم قاش ؟ . . .

1985 ـ يىل 11 ـ ئاۋغۇست ، ئاتۇش



## سېنىڭ ناخشاڭ

ناخشاڭ ئەجەب مۇڭلۇق ئىكەن گۈزەل قىز ،
پايانسىز مۇڭ دېڭىزىمۇ يۈرىكىڭ ؟
شۇ دېڭىزدا دولقۇنلارغا بۆلۈنۈپ
نۇرلار چاچاي بولۇپ نۇرلۇق قۇياشىڭ .

سېنىڭ ناخشاڭ جاراڭلىغان شۇ كېچە ،
ئىختىيارسىز ئەس ـ يادىمنى يوقاتتىم .
ئۆزۈم تەنها ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ،
دېرىزەڭنىڭ تۈۋى تامان يول ئالدىم .

دېرىزەڭگە قوندۇم غېرىب بىر قۇشتەك ،
چىرىغىڭنى ئۆچۈرمىگىن كېچىچە .
ئۇنتۇپ مېنى دېرىزىنىڭ سىرتىدا ،
تەنها قويما قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە ! . . .

1985 ـ يىل مارت ، بېيجىڭ

## شەھلا كۆزلىرىڭ

يۇشۇرۇن تەلمۈرۈپ قارايدۇ ماڭا —
ھەر دائىم چولپاندەك شەھلا كۆزلىرىڭ.
تىكىلسەم چىرايىڭ تاتىرىپ بىردىن،
تىۋىشسىز تىترەيدۇ غۇنچە لەۋلىرىڭ.

تىۋىشسىز قالسىمۇ غۇنچە لەۋلىرىڭ،
ئاياندۇر قەلبىمگە سېنىڭ سۆزلىرىڭ.
تارتىنىش ئاغزىڭنى ئاچۇرمىسىمۇ،
ئېيتىدۇ ھەممىنى شەھلا كۆزلىرىڭ.

1986 – يىل 3 – ئىيۇل، بېيجىڭ



## ئۈچرىشىش

چۈش كەبى تۆكۈلۈپ تۇرار ئاي نۇرى؛
ئېزىقتىم كېچىنىڭ جىملىقى ئارا.
كېچىنىڭ شامىلى جانلارغا راھەت،
سېزىمەن ۋە لېكىن قەلبىمدە يارا.

ئېھ، لەرزان شاماللار سىپاپ يۈزۈمنى،
ئۇرىدۇ بۇرنۇمغا ئەتىر ھىدىنى.
سېزىمەن بۇ پۇراق كەلدى بويۇڭدىن،
ئاھ، ئاخىر كەلدى دەپ ئويلىدىم سېنى.

چىرايىم ئاقاردى، تاتاردىم تامدەك...
يۈرىكىم گۈپۈلدەپ تىترىدىم بىر پەس.
ھەممىسى خام خىيال، بىراق ۋۇجۇدۇم
يىقىلدى چىملىققا، سىقىلىپ نەپەس.

قىزىلگۈل تۈۋىدىن كۆتۈرۈلدى ئاي،
قاقاقلاپ كۈلدۈڭسەن مېنىڭ ھالىمدىن.
قولۇڭنى سوز جانسىز قولۇمغا دىلبەر،
يۆلىنەي گەۋدەڭگە تۇرۇپ ئورنۇمدىن.

ئويلىغان سۆيۈشنى ئوتلۇق لېۋىڭگە،
ئاھ لېكىن، يوق ھازىر مېنىڭدە بەرداش.

سېزىمەن بەك سوغۇق ئاينىڭكى نۇرى ،
ۋۇجۇدۇم قاتماقتا شۇ تاپ گوياكى ،
شىمالىي قۇتۇبنىڭ مۇزىغا ئوخشاش . . .

1984 – يىل ، بېيجىڭ



## قۇرۇپ كەتتى تۇتقان گۇللىرىڭ

گۈل تۇتتۇڭسەن ،
دېدىڭ : بۇ بىر گۈل –
سىمۋولى چىن مۇھەببىتىمنىڭ .
لېكىن ئۆتمەي ئارىدىن بىر كۈن ،
قۇرۇپ كەتتى تۇتقان گۇللىرىڭ .

چۈنكى ئۇنى بەرمىدىڭ ماڭا –
سولدۇرماسقا يىلتىزى بىلەن .
ئەسلى شاختىن ئۈزدۈڭ يەنە گۈل ،
ئالدى ئۇنى باشقا بىرەيلەن .

1986 – يىل ، ئاتۇش

## ئۆزۈڭ بىر ناخشىسەن

### ــ بىر ناخشىچى قىزغا

ئۆزۈڭ بىر ناخشىسەن، ناخشىدەك گۈزەل ،
كۆزلىرىڭ ھەرقانداق ناخشىدىن مۇڭلۇق .
يۈرىكىڭ شېرىن كۈي ـ ناخشا بۇلىقى ،
نىگاھىڭ ھەرقانداق ناخشىدىن ئوتلۇق .

كۈلىشىڭ بىر ناخشا، خۇددى ناخشىدەك ـ
زەپ تاتلىق نازاكەت كۈلدۈرەر سېنى .
يىغلىشىڭ بىر ناخشا، خۇددى ناخشىدەك ـ
ئاھ، ئۇنىڭ مۇڭلىرى ئۆلتۈرەر مېنى .

1986 ـ يىل 4 ـ سېنتەبىر، بېيجىڭ



## مەن بۇگۈن چۈشۈمدە كۆرگەچكە سېنى

### - M غا

مەن بۇگۈن چۈشۈمدە كۆرگەچكە سېنى ،
يۈرەكتە قايتىدىن ياندى پىراقىڭ .
كەتمەي كۆز ئالدىمدىن قىيىندى مېنى ،
شېرىن ھەم جىلۋىلىك زىبا سىمايىڭ .

مەن بۇگۈن چۈشۈمدە كۆرگەچكە سېنى ،
قەلبىمدە گۈزەل ۋە دەردلىك ھاياجان .
خۇشالمەن چۈشۈمدە كۆرگەچكە، بىراق ـ
ئوڭۇمدا سۆيگۈدىن قالدى دەرد ـ پىغان .

پەقەتلا چۈشۈمدە كۆرىمەن دائىم ،
جىلۋىلىك جىسمىڭنى يىراق ئۇيۇقتا .
ئېزىتقۇ خىيالغا چىللايسەن دائىم ،
سەراپ ① تەك تەشنالىق سېلىپ جىسمىمغا .

ئويغىنىپ شاد چېھرىم سولدى ھەسرەتلىك ،
توساتتىن باھاردىن قايتقاندەك قىشقا .
ئاھ سېنىڭ مامۇقتەك ئاپئاق قوللىرىڭ ،

---

① سەراپ ــ يەنە بىر ئاتىلىشى ئالۋۇن، چۆللەردە پىژ ـپىژ ئاپتاپتا كۆرۈنىدىغان سۇ، يېقىنلاپ بارسىڭىز غايىب بولۇپ يەنە يىراقتا كۆرۈنىدۇ. ئاپتاپ كىشىدە شۇنداق خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

قۇچمايدۇ بىلمەدىن مەڭگۈگە قايتا .

ئويغىنىپ ئەلەملىك تولغىنىپ كەتتىم ،
كۆرسەڭدىڭ ياش بىلەن تولغان كۆزۈمنى .
ئىزلىدىم تەلمۈرۈپ شەھلا كۆزۈڭگە ،
نىگاھىڭ تەپتىدىن باھار — چۈشۈمنى .

غۇنچىدەك سۆيۈملۈك ، بوۋاقتەك سەبىي ،
كۈلكەڭدىن سەن مېنى قىلمىغىن مەھرۇم .
نېچۈن سوغ نىگاھىڭ ئالدىدا قەلبىم ،
ھەسرەتكە مەڭگۈگە . . . مەڭگۈلۈك مەھكۇم؟!

1986 ـ يىل 12 ـ سېنتەبىر ، بېيجىڭ



## قار

مۇزدەك سوغ قار تولدى ئەتراپقا شۇ پەيت ،
ئاھ ، ئەمدى سۆيگۈمىز توڭلايدۇ بىزنىڭ .
ئۆچمەكتە قار ئارا ھارارىتىمۇ ،
قولۇمنى چىڭ سىققان ئاشۇ قولۇڭنىڭ .

قولۇمنى بوشلۇقتىن تارتىيالمىدىم ،
قار ئېرىپ سىڭمەكتە ئالقانلىرىمغا .
قولۇڭنى بەرمىدىڭ ، ئاھ ، كېتىپ قالدىڭ ،
قالدۇرۇپ قارلارنىڭ ئۇچقىنى ئارا .

يوقالغان گەۋدەڭدىن كۆز ئۈزەلمىدىم ،
بىلسەممۇ كەينىڭگە يانماسلىقىڭنى .
قولۇمنى سوزغانچە تارتىۋالالمىدىم ،
بىلسەممۇ قولۇڭنى سۇنماسلىقىڭنى .

سوغۇق قار قاپلىدى ئەتراپنى شۇ پەيت ،
ھېچكىمنى سۆيگىلى بولمايدۇ ئەمدى .
بىنالار ، دەرەخلەر ، قار ئۇچقىنىدا ،
كۆرىنەر بارچىسى كۆلەڭگە كەبى . . .

## ئاھ ، بۇرۇنقى ئوماق ، سەبىي قارىشىڭ نەدە ؟

شېرىن چۈشلەر خازان كەبى ئاياغلىرىمدا
شىلدىرلايدۇ ئېچىنىشلىق ، ھالسىز ۋە غەمكىن .
ئارزۇلىرىم كۆز قويىنىدا قىلىدۇ پەرياد ،
چۈشۈرەلمەس ئۇنى شامال شاختىن ۋە لېكىن .

ياش تۆكمەيمەن ، ئېسەدەيدۇ يۈرىكىم ، تەنها ـ
كېزەلمەيمەن شېرىن چۈشلەر ئىزلەپ دالىدا .
ئىزلىمەيمەن ئەمدى مۇڭداش ناخشىلىرىمغا ،
داللارنى قويىۋېتىپ ئۆز ئۇيقىسىغا .

ئىزلىمەيمەن ئەمدى سېنى ، تىڭىۋالغانچە ـ
رەسىمڭنى يالقۇنلىغان ئوتلۇق يۈرەككە .
دەيمەن پەقەت رەسىمىڭگە شەھلا كۆزلەرگە :
« ئاھ ، بۇرۇنقى ئوماق ، سەبىي قارىشىڭ نەدە ؟ »

1986ـ يىل 11 ـ نويابىر ، بېيجىڭ



## ئېھ ، ياشلىق مىسلىسىز گۈزەل تا ئەبەت

تەلمۈرگەن ئەمەستىم بىچارىلەرچە
مەن ساڭا يازغاندا سۆيگۈ خېتىنى .
يازدىممەن پەقەتلا بولسۇن دەپ ئايان ،
يالقۇنلۇق يۈرەكنىڭ ھارارىتىنى .

سېنىڭدىن ئويقۇسىز كۈتكەنىدىم خەت ،
لېكىن بوي ئەگمىدىم ئۈمىدسىزلىككە .
ھەسرەتلىك خىيالدىن ئېپ شېئىرىي لەززەت ،
چۆمۈلدۈم ئارزۇنىڭ گۈزەللىكىگە .

سېغىنىش ، تەشنالىق ، بەرى گۈزەللىك . . .
مۇھەببەت ھەسرىتى ئەسلىدە لەززەت !
تۇرسىمۇ تەشنالىق قەلبىمنى ئۆرتەپ
سېزىمەن : ياشلىقىم گۈزەل تا ئەبەت !

1987 ـ يىل 5 ـ 7 ـ يانۋار ، بېيجىڭ

## ئۇن ـ تىنسىز دەرد ـ ھەسرەت قاينامىلىرىدا

ئۇن ـ تىنسىز دەرد ـ ھەسرەت قاينامىلىرىدا ،
زۇلمەتلىك مەستلىكتە ياتسام بىھوش جىم ؛
ئاھ قۇياش نۇرىدەك شېرىن ناخشاڭدىن ،
قاچاندۇر تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم .

ئاستىلا قولۇمنى سوزدۇم ئۈمىدسىز ،
ئاھ ، نەدە ماڭا جان بېرەر شۇ قوللار ؟
كۆز ياشلار ئىلكىدە قالدۇرۇپ مېنى ،
ئۇن ـ تىنسىز قاياققا يوقالدىڭ دىلدار ؟

ئەمدى مەن تەلمۈرۈپ باقمايمەن ساڭا ،
چېھرىڭدىن كۈلكە ۋە مۇھەببەت ئىزدەپ .
چۆكمەن زۇلمەتلىك مەستلىككە قايتا ،
ئۆتكەن شۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇپ بىر ـ بىرلەپ .

1987 ـ يىل ئاپرېل ، بېيجىڭ



## ھايات مەنىلىك كۆز ياش بىلەنلا

ئاغرىنمايلى مەنىسىز دەپ ھاياتنى ،
تەنھالىقمۇ يېتەر بىر كۈن چېكىگە .
تەشنالىققا ئامالسىز بولمىسا
ئامال بارغۇ جىمجىت كۆز ياش تۆكۈشكە .

ياش تۆكەيلى ، بەلكىم گۈزەل كۆز ياشمۇ ،
تۆكۈلگەندە سۆيگۈ ئۈچۈن پىنھانە .
مەيلى دائىم بەختسىزلىك ئىزدەيلى ،
بەخت ھەر تاڭ ئايلانغاندا بىر چۈشكە .

ئىزدىمەيلى گۈزەللىكنى گۈلدىنلا .
ئارتۇق گۈزەل تىكەندىكى قان ئىزى .
قان ئۇرغىغان شۇ يۈرەكنى ئەسلىسەك
گويا شېرىن ناخشا ئۈنىڭ ئۆكسۈشى .

1987 ـ يىل 20 ـ ئىيۇل ، ئاتۇش

## باھار ۋە خازان

غۇنچىغا ئوخشايدۇ سېنىڭ لەۋلىرىڭ ،
قىپقىزىل يېلىنجار باھار تەپتىدە .
خازاندەك سارغايغان مېنىڭ چىرايىم ،
بىلەمسەن ئۇنىڭكى باھارى نەدە ؟

ئاھۇنىڭ كۆزلىرى سېنىڭ كۆزلىرىڭ ،
تىترىتەر ھەر قانداق ئوۋچى قولىنى .
مېنىڭچۇ ؟ باھارىم ئوۋلاندى ساڭا ،
ئاھ ، جانسىز يۈرىكىم كۈزنىڭ خازىنى .

1987 ـ يىل سېنتەبىر ، بېيجىڭ



## ئېچتىم تالاي ئەڭ ئاخىرقى دەپ

ئېچتىم تالاي ئاخىرقى رەت بىلىپ ھاراقنى ،
ئاخىرقى دەرد بولالمىدى لېكىن ھەسرىتىڭ .
ئاھ ، يالقۇنلاپ تۇرغان يۈرەك ئۆزىلا ھاراق ،
مەن يانىمەن ، مەستتەك سوغۇق سېنىڭ چىرايىڭ .

يانار يالقۇن قەدەھلەردىن ئەڭ ئاخىرقى رەت ،
ئاخىرقى رەت ئەمەس لېكىن سوغ كۈز شامىلى .
سوغ شامالدا تىترەپ تۇرغان نازۇك ۋۇجۇدۇڭ ،
سېزىمەنكى يۆلىمەيدۇ يىقىلسام مېنى .

1987 ـ يىل 5 ـ سېنتەبىر ، بېيجىڭ

## ئاياللار

ئۆچىدۇ قارا رەڭ يۇقۇپ قوللارغا
چاچلارنى سىلىسا ئاياللار قولى ،
قاغجىرار ، قىزىل رەڭ ئۆچۈپ لەۋلەردىن
لەۋلەرنى شورىسا ئاياللار لېۋى .

ئېپ كېتەر يۈرەكنىڭ قېنىنى شوراپ ،
كۆز ياشلار ئاھ ، پەقەت ئۇندا قالغىنى .

1987 ـ يىل ئۆكتەبىر ، بېيجىڭ



## قورقمىغىن سۆيگۈمدىن ، قورقۇش بىھاجەت

گۈل تۇتسام تاتاردى چېھرىڭ نېمىشقا ؟
قورقمىغىن سۆيگۈمدىن ، قورقۇش بىھاجەت .
نېمىشقا بۇنچىلا زەئىپ نىگاھىڭ ،
نېمىشقا چېھرىڭدىن كەتمەيدۇ ھەسرەت ؟

يۈرىكىم باھاردەك ئاچقاندا قۇچاق ،
نېمىشقا گۈل چېھرىڭ جىمجىت سولىدۇ ؟
گويا زور يالقۇندەك يېلىنجاپ تۇرسام ،
قەلبىڭدە نېچۈن قىش دەۋران سۈرىدۇ ؟

سوغ نەزەر تاشلىدىڭ ، شۈركىنىپ كەتتىم ،
گۈل تۇتقان قوللىرىم تىترىدى جانسىز .
سەزدىمكى كەلمەكتە يامغۇرنىڭ ھىدى ،
ئاھ ، يېتىپ كېلىدۇ قىشمۇ ھايالسىز .

1987 ـ يىل 14 ـ 17 ـ سېنتەبىر ، بېيجىڭ

## ئېچىنمايمەن

ئەقىدەمنى تۇزۇتساڭمۇ گويا كى
مېۋە بەرمەي كۈزگە قالغان چېچەكتەك ؛
ئېچىنمايمەن يەتمىدىڭ دەپ قەدرىمگە ،
مۇرادىڭغا يەتسەڭ قايغۇم نە كېرەك .

كۈلكەڭ ئۈچۈن ئاتىغانمەن جېنىمنى ،
كۈلگىن دىلبەر ، ھەسرىتىمگە باقمىغىن !
ئاغرىنمايمەن ئۆرتىدىڭ دەپ دەرد بىلەن ،
سېنىڭ بەختىڭ ـ مېنىڭ بەختىم ئەزەلدىن .

ئېچىنمايمەن سۆيگۈم ئۈچۈن ،
تەشۋىشىم —
پەقەت سېنىڭ تەقدىرىڭدىن قايغۇرۇش .
چىن ھەمراھسىز قالارمۇ دەپ ھاياتتا ،
بوشۇرۇنچە تەشۋىشلىنىپ ، ئاھ ئۇرۇش .

ئاھ ، قالدىمۇ يېتىمسىراپ دېرىزەڭ ،
خۇشال ناخشام جىمجىتقىنا ئۆچكەندە ؟
ئازابلانما ئۇخلىيالماي كېچىسى ،
گەر شۇ شېرىن كېچىلەرنى ئەسلىسەڭ .

ئازابلانما ، سېنىڭ غەمكىن چېھرىڭنى



كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىكىم بىر كۈلپەت .
مېنىڭ مەجرۇھ يۈرىكىمگە تەسەللى
ئاتا قىلار سېنىڭ كۈلكەڭ ئاھ ، پەقەت .

1987 ـيىل سېنتەبىر ، بېيجىڭ

## يوشۇرمىغىن ياشقا تولغان كۆزۈڭنى

ئۆتۈپ كېتىپ كۆرمىگەندەك ئالدىمدىن
تاتىرىسەن، ئۇھ تارتىسەن نېمىشقا ؟
يوشۇرمىغىن ياشقا تولغان كۆزۈڭنى ،
قارىۋالما جىمجىتقىنا ئۇياققا .

ھودۇقتۇردى نېمە سېنى بۇنچىلا ؟
كۆزلىرىڭدە ھەسرەت ئۇچار نېمىشقا ؟
مۇھەببەتتىن باشقا قانداق ئۇلۇغ كۈچ
ئېيتقىن سېنى سالالايدۇ بۇ ھالغا ؟

1987 ـ يىل كۈز ، بېيجىڭ



## ماڭا مەڭگۈ شېرىن پۇراق ئۇتلۇق سۆيگۈ يار

ماڭا مەڭگۈ شېرىن پۇراق ئۇتلۇق سۆيگۈ يار ،
شېخى سۇنغان گۈلمەن ، بىراق قۇرۇپ پۈتمەسمەن !
مەيلى ئۆلەي سۆيەلمەستىن لېۋىڭگە بىر رەت ،
ئاھ ، سولماسمەن ، داتلىماسمەن مەڭگۈ كەچمەسمەن !

ئازابلانما يۈرىكىڭنى ئۆرتىسە سۆيگۈ ،
سۆيگۈ ئۈچۈن ئۆرتىنىش بۇ بەخت مەن ئۈچۈن .
كۆرۈش ئۇتلۇق ، مەيۈس ، دەردلىك قاراشلىرىڭنى
ھامان شېرىن سۆيۈشلەردىن ئەۋزەل مەن ئۈچۈن .

1988 ـ يىل 2 ـ ماي ، بېيجىڭ

## ئىككىمىز بىرلىكتە ئاڭلىغان ناخشا

بىرلىكتە ناخشىلار ئاڭلىغان بىر چاغ ،
ئىككىمىز زەپمۇ شاد ھېسلارغا تولۇپ .
پەقەت شۇ ناخشىلار كەتمەس ئېسىمدىن ،
سۆيگۈدەك مەڭگۈلۈك ھەمراھىم بولۇپ .

تىرىشتىم مەن سېنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ،
ساقىيار دەپ دىلدا قالغان يارىنى .
بىراق شۇ ناخشىنى ئۇنتۇيالمىدىم
تىلغايدۇ ئاڭلىسام يۈرەك باغرىمنى .

ھەر دائىم شۇ مۇڭلۇق ناخشا بىلەن تەڭ
ھەسرەتلىك سىمايىڭ كېلەر ئالدىمغا .
ھىجرانلىق كۈنلەرگە سۆرەيدۇ قايتا
بىز بىللە ئاڭلىغان دەردلىك شۇ ناخشا .



## نەلەرگە يوقالدىڭ بۈگۈن ئامرىقىم

نەلەرگە يوقالدىڭ بۈگۈن ئامرىقىم ،
نېچۈن تەرك ئەيلىدىڭ سۆيگۈ خانەمنى ؟
چىراغلار ئۆيۈمنى يورۇتالمايدۇ ،
سوغ ئۇيقۇ ئىگىلەپ تۇرار مېڭەمنى .

نەلەرگە يوقالدىڭ بۈگۈن ئامرىقىم ؟
ياڭرىماس زىل ئۈنۈڭ قۇلاق تۈۋىمدە .
ئاڭلانماس ھېچكىمنىڭ ئاۋازى ئەمدى ،
زۇلمەت ھۆكۈمران شۇتاپ قەلبىمدە .

سېزەلمەيمەن سۆيگۈنىڭ ھارارىتىنى .
ئۇنتۇدۇم سۆيۈشنىڭ لەززەتلىرىنى .
جەسەتتەك تىپتىنچ ياتار تەبىئەت ،
ھېس قىلدىم : ئۇنتۇش كېرەك ھەممىنى .

## ھەممىسى تۇگەشتى سوغۇق شامالدا

ھەممىسى تۇگەشتى سوغۇق شامالدا ،
ھەممىسى شامالدا توزۇپ يوقالدى .
گاڭگىراپ قاراڭغۇ سوغۇق دوقمۇشتا ،
بىلمىدىم تۇرغان ئۇ كىمنىڭ گەۋدىسى .

ھەممىسى توزىدى سوغۇق شامالدا ،
توزىدى دىلبەرنىڭ نازۇك گەۋدىسى ؟
توزىدى ئۇ ئوتتەك قىزىق مۇھەببەت ،
ئۈن – تىنسىز ئۆچمەكتە ياشلىق شاۋقۇنى . . .

ئۆچمەكتە ئاخىرقى دېرىزىدىن نۇر ،
بىنالار زۇلمەتكە سىڭىپ يوقالدى .
بىر – بىرلەپ يۇتماقتا يۇلتۇزلارنى شۇ
قاراڭغۇ ئاسماننىڭ مۇزدەك سوغ باغرى .



## ھىجران

ئايرىلدۇق نېچۇن قول ئېلىشماي تېخى ،
نەلەرگە يوقالدىڭ ئالدىراپ تېنەپ ؟
قەلبىمدە قالدۇرۇپ سۆيگۈ يارىسى ،
كىملەرنى سۆيگۈڭگە يۇردۇڭ يار ئەيلەپ ؟

كىملەرنىڭ قەلبىگە سېلىپ داغ يانا ،
كىم ئۇچۇن كۈلكىدە قىزاردى يۈزۈڭ ؟
كىم ئۇچۇن مۇڭلىنىپ ئېيتسەن ناخشا ،
كىملەرگە تەلمۈرۈپ باقىدۇ كۆزۈڭ ؟

كىم ئۇچۇن يالتىرار ياشلار كۆزۈڭدە ،
قايسى مۇز ئالدىدا يېلىنجاپ كۆيۈپ ؟
كىملەرنىڭ ئالدىدا كۈلسەن مەغرۇر ،
رەھىمسىز يۈرىكىڭ مۇز بولۇپ قېتىپ ؟

ياش تۆكسەڭ ئەگىشىپ تۆكىمەن ياشلار ،
رەھىمسىز بولسىمۇ شادمەن كۈلكەڭدىن !
نىگاھىڭ يۈرەككە ئۇرسىمۇ تىغلار ،
كۆزۈمنى ئۈزمەسمەن مەڭگۈ كۆزۈڭدىن .

1988 – يىل 23 – فېۋرال ، بېيجىڭ

## بۇ گۈزەل ، جىمجىت ۋە خىلۋەت گۈلشەندە

بۇ گۈزەل ، جىمجىت ۋە خىلۋەت گۈلشەندە
تۇرىمەن مۇڭلىنىپ يەككە ــ يېگانە .
قىزىل گۈل شەبنەمدىن ئېسىپتۇ مارجان ،
ئاي كۈمۈش نۇرىنى تۆكەر ئۆزگىچە .

سۈكۈنات ئەمەس بۇ ، جۇشقۇن بىر ئىشارەت ،
ۋىسالغا خاستۇر بۇ گۈزەل مەنزىرە .
قىلماقتا ئاي ئۈنسىز غەمكىن تەبەسسۇم ،
شۇۋىرلار قىزىل گۈل قۇلاق تۈۋىمدە .

ئاي نېچۈن قىلىدۇ قەلبىمنى ئەسىر ،
ھەسرەتلىك ۋە مىسكىن كۆرۈنگەنسېرى ؟
ئاھ نېچۈن سۆيۈملۈك كۆرستەر ئۇنى
سىرلىق ۋە مۇزدەك سوغ نەزەر سېلىشى ؟

ھەممە يەر ئۈن -تىنسىز سالماقتا چۇقان ،
پەقەت مەن ئاڭلايمەن يۈرەك ــ باغرىم قان .
قەلبىمدىن ئۆچمەس بىر ئايدىڭ كېچىنى
تىنىمسىز ئېسىمگە سالىدۇ ھەريان .

1986 ــ يىل يانۋار ، بېيجىڭ



## ئەلۋىدا ، خوشلاشتۇق كۆزلىرىمدە ياش

ئەلۋىدا ، خوشلاشتۇق كۆزلىرىمدە ياش ،
خوشلاشتۇق بىچارە سۆيگۈلەر بىلەن .
جۇپ يۈرەك سوۋۇغان گوياكى مۇزدەك ،
ئاھ ، ئېرىپ بولماس سوغ كۆز ياشلار بىلەن .

سۆيگۈمىز نۇرلىرى ئۆچتىمۇ ؟
يۈرەك ــ
ئاھ جىمجىت ، يوق ئەمدى دەردلىك سوقۇشلار .
رەھىمسىز كۆزلىرىڭ يۈتتى يۈرەكنى ،
ئۆرتىمەس شۇ سوغۇق جىمجىت قاراشلار .

بىلمىدىم ئاھ ، جىمجىت كۈنلەردە نېچۈن
سېغىنار يۈرىكىم دەردلىك كۈنلەرنى ؟
خالايدۇ كۆزلىرىڭ ئالدىدا نېچۈن ،
سۆيگۈچۈن ئۆرتىنىپ خۇن تۆكۈشلەرنى ؟

1988 ــ يىل 7 ــ مارت ، بېيجىڭ

## تەلپۈن مېنىڭ مىسكىن يۈرىكىم

تەلپۈن مېنىڭ مىسكىن يۈرىكىم ،
قانچە دەردلىك بولسىمۇ سۆيگۈ .
كۈيلە قېنىڭ قانغا تولسىمۇ ،
شۇ قەدىرلىك سۆيگۈنى مەڭگۈ .

سولغان گۈلمەن ياشلىق باھاردا ،
يارنىڭ بىر جۈپ قولى قايرىغان .
كۆز ياشلىرىڭ بولسىمۇ بىكار ،
سۆيگۈ ئۈچۈن يىغلاپ ، چەك يىغان .

پۇچۇلسا مەيلى ئىشق ئوتى ،
كۆيۈۋەرگىن ئۆچمىسۇن يالقۇن .
مۇزدەك سوغۇق ، ئۆلۈك ھالىڭدىن
دەردلىك كۆيۈش ئەۋزەل سەن ئۈچۈن .

1988 ـ يىل 9 ـ مارت ، بېيجىڭ



## شېرىن كۈيدەك گۈزەل شۇ كېچە

شېرىن كۈيدەك گۈزەل شۇ كېچە
سۆيۈشكەندىن مۇزلىدى لېۋىم .
ئۆچمەس ئوتلار تۇتاشتى شۇنداق ،
ياندى ئوت بولۇپ جىمجىت كۈنلىرىم .

جۇدۇن ئۇرۇپ كەتكەن يۈرىكىم
لەۋلىرىڭدىن تىلەر ھارارەت .
مېنىڭ سولغۇن بۇ ياشلىقىمغا
جان بېرىدۇ لەۋلىرىڭ پەقەت .

يۈرىكىمدە قاتقان قارا داغ
ئىلمەك بۇرنۇڭ ئاستىدىكى خال .
كۆزلىرىڭدە قاپقارا ئۆلۈم ،
ئۇ مېنىڭكى ئۆلىمىم دىلدار .

1989 ـ يىل ئاپرېل ، بېيجىڭ

# گۇگۇم

جىمغىنا ھەسرەتلىك ئۆكسىدى گۇگۇم ،
ئۆكسۈشلەر جان بەردى ئۆلگەن جىسمىمغا .
كۆرۈشتىن باشقىنى بىلمەس كۆزلىرىم ،
تىرىلدى ! — تولدى ئوت ھەمدە كۆز ياشقا .
مۇزلىغان ، زۇلمەتلىك ئۇيقۇچان يۈرەك
دۇنيادىن ئالدى ئوت كۈتۈش قوينىدا .

كۆز يېشىم ئىلكىدە كۈتتۈم مەن سېنى ،
قەلبىمدە سۆيگۈدىن تۇغۇلغان بىر نۇر .
كۆزۈمدە شۇ نۇردىن تامغان ئۈنچىلەر ،
كۈتىمەن ئۈمىدسىز ۋە لېكىن مەغرۇر .
تىرىلىپ يىقىلدىم ، ئۆلۈك تىلەك ئىدىم ،
مەن ئۈچۈن كۆز ياشلار تۆكىدۇ يامغۇر .

ھەسرەتلىك كۈلكىدەك بارماقتا ئۆچۈپ
كۈل بولغان يالقۇندىن رەڭ ئالغان گۇگۇم .
ئۇ كۈلدۇر ۋە بىراق تەپتى زور گۈلخان ،
ئاھ ، چۈنكى قوينىدا گۈزەل كۈيلىرىم .
كۆڭۈلسىز سوغ شامال ئۆتسىمۇ ئۇرۇپ
توڭلاش ھېس قىلمىدى مېنىڭ ۋۇجۇدۇم .

ئاھ ، گۇگۇم شېرىن ھەم كۈلپەتلىك گۇگۇم !



ئاھ ، گۇگۇم چەكسىز ۋە ئۇزاق مىنۇتلار !
مەڭگۈلۈك تۇغۇلۇش ئەزەللىك سەكرات
قوينۇڭدا بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلار .
سۆيۈشلەر گۇگۇمنى ئۇنتۇلدۇرالماس ،
بىلسەڭدىڭ ؛ ئۇنىڭدا كۆز ياشلىرىم بار .

شۇ ئۇزاق بىر گۇگۇم كۈتتۈم مەن سېنى ،
كەلمىدىڭ ، ھەممىسى بولماقتا بەربات .
سۆيۈشكە ماجالىم قالمىغان تامام ،
كۈتكىنىم : قولۇمغا قولۇڭنى ئۇزات .
كۆكسۈڭگە بېشىمنى قويۇپ ئاستىلا
ياشلىق ۋە سۆيگۈ دەپ كۆتۈرەي پەرياد . . .

1988 ـ يىل 19 ـ ماي ، بېيجىڭ

## لەۋلىرىڭنى سۆيدۈرۈۋەرمە

لەۋلىرىڭنى سۆيدۈرۈۋەرمە ،
ئەتىۋارسىز بولمىسۇن بەختىم .
قىيناۋەرمە سۆيدۈرمەي بىراق ،
مېنى بەرباد قىلمىسۇن دەردىم .

كۆز ياشىنمۇ تۆكەي مەن ئازراق ،
مۇڭلۇق كۈيگە تولسۇن كۈنلىرىم .
ئاز سۆيدۈرگىن ،
ھەر سۆيسەم يۈرەك
تۇنجى رەتتەك سالسۇن بىتىنىم .

1988 ـ يىل 26 ـ ماي ، بېيجىڭ



## تۇنجى مۇھەببەت

ھەسرەتلىك كۈي كەبى مۇڭلىنىپ جىمجىت
ھەر كىمنىڭ قەلبىنى چىقسەن كېزىپ .
مەندەكلا تەنھاسەن ، مەندەك ياردار
بىراق سەن ئەمەسسەن مۇساپىر غېرىب .

ئاھ ، چۈشتەك شېرىنسەن ، چۈشتەكلا غۇۋا ،
ئاھ ، چۈشتەك گۈزەلسەن ، چۈشتەك بىھايا .
تەنلىرىم يايرىدى ، ئۇيالدىم بىراق
نېمىشقا ھەسرەتلىك تىترىدىم يانا ؟

ئالدىڭغا مەرھابا دەپ چىقتىم ، كەچۈر !
شىۋىرلاپ ئېيتتىڭكى : مېھمان ئۆزۈڭسەن .
ئىگرىدىم ، بەرداشسىز تولغىنىپ كەتتىم ،
ھارارىتى مىسلىسىز سۆيۈشلەر بىلەن .

يول ئالدىم قاپقارا كۆزلەر قوينىغا ،
بۇ زۇلمەت گۈزەلدۇر جەننەت نۇرىدىن .
باھارىم تىزلاندى سېنىڭ ئالدىڭغا ،
سوغ بىراق يالقۇنلۇق تەبەسسۇمىڭدىن .

سېنىڭكى كۆزلىرىڭ مىسلى چەكسىز چۆل
تەشنالىق ئىلكىدە قىينايدۇ مېنى .

تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ كىرىپ كېتىمەن ،
ئاھ ، چىقىپ كېتىشكە تىرىشقانسېرى .

سېنىڭكى يۈرىكىڭ مىسلى مۇز ئوكيان ،
تەكتىگە چۆكمەن مۇزلىغانسېرى .
سۆيىشىڭ مىسلى ئوت ، تىلەيمەن ئۇنىڭ
دەھشەتلىك قوينىدىن ئايرىما مېنى .

1988 ـ يىل 23 ـ ماي ، بېيجىڭ



# بىرىنچى ئىيۇن كېچىسى

سۆيگۈگە غېرىبلىق ئەڭ يارقىن جاۋاب ،
مېنىڭدە بار ئاڭا جۈرئەت يەتكۈچە .
سۆيدۈم دېيەلمەي سۆيدۇ يۈرەك ،
نازلىنىپ تىكىلمە زەئىپ كۆزۈمگە .

يۇلقۇنما قوينۇمدا تۇتقۇن قۇش كەبى ،
لەۋلىرىڭ سوزۇلۇپ تۇرسا لېۋىمگە .
ئىڭرىما ، بىچارە ئوماق بۆدۈنەم ،
قورقمىغىن لەۋلىرىڭ ئوت بولۇپ كۆيسە .

بىلىڭگە سوزدۇم قول ، لەۋلىرىڭگە لەۋ ،
تاتىرىپ ، ھودۇقۇپ ، تىترەپ تولغىنىپ .
ۋۇجۇدۇم تۈيغۇسىز ، يۇمدۇم كۆزۈمنى ،
گوياكى ھاياسىز چۈشتىن ئويغىنىپ .

ئېرىدى سۆيۈشلەر تەپتىدە يۈرەك .
ئاھ ، ئىيۇن كېچىسى ـ نۇرلانغان كېچە .
ئېرىپ ئۇ ياش بولۇپ ئېقىپ تۈگىدى ،
كۆكسۈمدە قالغىنى بوپ ـ بوش خارابە .

يۈرەكنى داغلىدى لېۋىمدىن لېۋىڭ ،
ئاھ ، ئۇندىن ھەسرەتلىك كۈلكە ئۇخچىدى .

كۆيلىدىم يۈرەكتە قالغان داغلارنى ،
گوياكى ئۆلۈمگە تەلپۈنگەن كەبى .

دەردلىك كۆز يېشىمدا سۇغۇرۇلغان كەچ
سۈلغۇن ۋە خارابتۇر ئاينىڭ نىگاھى ،
گويا يار چېھرىدەك نازۇك ، سوغ ، گۈزەل
باقار كۆك ئۈمچىيىپ يىغلىغان كەبى .

1988 ـ يىل 10 ـ ئىيۇن ، بېيجىڭ



## ئېزىقىش

تاتارغانچە تىكىلىمەن تىترەپ ۋۇجۇدۇم ،
سىرلىق كۈلگەن ئاشۇ شاللاق كۆزۈڭگە سېنىڭ .
سېنىڭ نازىڭ جان ئالغۇچى ئالۋاستى كۈيى ،
سەن شورايسەن كۆزۈڭ بىلەن قېنىمنى مېنىڭ .

شېرىن چۈشتەك گۈزەل دەيمەن ئاشۇ ئېرىشنى ،
ئالدىنىمەن بىلىپ تۇرۇپ ، خالاپ ھەممىشە .
بىر جۈپ قەبرە يۈرىكىمنى قىلىدۇ بەرباد .
نېپىز كۆڭلەك توسالمىغان ئاپئاق كۆكسۈڭدە .

1988 ـ يىل 5 ـ ئاۋغۇست ، ئاتۇش

## بىلگەچكە نېمە ئۇ سۆيگۈ ۋە سۆيۈش

بىلگەچكە نېمە ئۇ سۆيگۈ ۋە سۆيۈش ،
ئاچچىق تولغاندىم ۋىسال تاپقان كۈن .
سەزدىمكى : بۇ دېمەك ئاخىرقى سۆيۈش ،
تارىدى تېنىمگە مۇزدەك بىر دولقۇن .

بىلمەيمەن سۆيدۈم دەپ قىلدىم نېمە ئىش ،
سەزمىدىم لەۋلىرىڭ ھارارىتىنى ،
مەڭگۈلۈك خىلۋەتلىك بولغاندا ئايان ،
بۇ سۆيۈش سۆيگۈمنىڭ دەردلىك ئىڭرىشى .

بىلمەيمەن قوينۇمدا نە ئاجايىپ تەن ،
ھەممىسى بەلكىم چۈش ، خام خىيال پەقەت .
بۇ سۆيۈش ئاخىرقى يېلىنىش جېنىم ،
بېرەلمەس ئاچ كۆزلۈك ئاڭا ھارارەت .

ۋۇجۇدۇم ئويغىنار كۆز ياشلىرىڭدا ،
كۆزۈڭگە قارايمەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق .
ھەسرەتلىك سۆيگۈمنىڭ شېرىن سوۋغىسى ،
قېنى دەپ يۈرىكىم زەردىگۈش ھەر ۋاق .

كۈلپەتلىك ۋە سىرلىق قاراشلىرىڭنىڭ ،
سېزىمەن كۈيۈمدە ئاچچىق يارىسى .



يۈرىكىم تەكتىنى تىڭشايمەن جىمجىت ،
بار ئۇندا قەھرىتان ، زۇلمەت دەھشىتى .

1988 ـ يىل 20 ـ ئىيۇن ، بېيجىڭ

## ئۇيقۇدىكى پەرىزات

چۈشۈڭدە گۈلشەندە ئۇچراشساق تەنها ،
ئويغىنىپ كەتمىگىن چۆچۈپ كۆز ئېچىپ .
ئويغىنىپ كەتمىگىن سالسا يۈرىكىڭ ،
لەۋلىرىم لېۋىڭگە تۇرسا يېقىلىپ .

ئويغانغىن چۈشۈڭدە جۇدالاشساق بىز ،
ئويغانغىن كۆزۈڭگە لىقلا ياش ئېلىپ .
كۆكسۈڭگە باس ئەنە تۇرىدۇ بىر گۈل ،
ئويغىنىپ دېرىزەڭ ئالدىغا كېلىپ .

1988 ـ يىل ئىيۇن ، بېيجىڭ



## ۋىسال

تىكىلدىڭ كۆزۈمگە دەردلىك ياش ئىزدەپ ،
كۈلۈشلىك ئاجايىپ تاتارغان چېھرىڭ .
زىياسىز قەلبىمدە نېمىش قىلسۇن ياش ،
نېچۈن مۇز قوينىدىن يالقۇن ئىزلىدىڭ .

ئايىغىڭ ئاستىغا گۈل بوپ چېچىلدىم ،
زېمىستان باغرىمغا تۆكمە يېشىڭنى .
ئاھ ، يەتتىم ۋىسالغا ئۆچكەندە كۆيۈپ ،
سوغمىدۇ ئەسلىدە ۋىسال ھەممىسى ؟

ئەڭ ئاچچىق پەريادتۇر تىۋىشسىز پەرياد ،
ئەڭ دەردلىك يىغىدۇر كۆز ياشسىز يىغا .
تىترىگەن لېۋىمگە سوزۇلغان لېۋىڭ ،
شۇ دەردلىك كۈيلەرنى سەزمەس نېمىشقا ؟

1988 ـ يىل 5 ـ ئاۋغۇست ، ئاتۇش

## غا G

قانداقمۇ ئارقامغا قاراي ئۆرۈلۈپ ،
مۇھەببەت جۈرئەتسىز قىپقويدى مېنى ،
ئاھ ، ئۇزاق چۈشلەرنىڭ مەستخۇشلىقىنى ،
قانداقمۇ يەلكەمدە يۈرەي كۆتۈرۈپ ؛
زىمىستان شاملى ئۆتكەندە ئۇرۇپ ،
سەزمىدىم تېنىمنىڭ هارارىتىنى ،
ياشلىقىنىڭ شېرىن ۋە ئاچچىق يېشىنى ،
ئارماننىڭ قۇرۇغان بەرگىدە كۆرۈپ .

بىلەمسەن ھالىمنى قويمىدى سۆيگۈ ،
خەير! مەن ئارقامغا قارىيالمايمەن ،
چېچىمنى ئاخىر رەت سىلىيالمايمەن ،
ھەممىسى قەلبىمدىن ئۆچىدۇ مەڭگۈ ،
ئايرىلىش مەن ئۈچۈن ئەمەستۇر ئېزگۈ ،
ئاراملىق بېرىدۇ لېكىن ئۇ جەزمەن ؛
خەير دەپ قولۇمنى چىڭ سىقالمايمەن ،
قوللىرىڭ قولۇمنى ئىللىتالمايدۇ .

تەشنالىق روھىمنى ئۆتتى قۇرۇتۇپ ،
قاراشقا جۈرئەت يوق بىراق كەينىمگە ،
ئىشەنمەس بوپ قالدىم سەبىي قەلبىمگە ،
يۈرمەسمەن ئەمدى مەن چۆچەكلەر توقۇپ ،



ساماۋى چۈشلەردە ئويناپ شوخلىنىپ ،
جىسمىمنى تىترىتىپ تۇرسىمۇ ھامان ،
يىقىلسام ئالدىمغا شەرمەندىلەرچە ،
دېگەن خىيالىم نومۇسنى ئۇنتۇپ .

جۈرئىتىم يوق بىراق شۇنداق قىلىشقا ،
تىترەيدۇ قوللىرىم سۇنسام شارابقا .

1988 ـ يىل 3 ـ ئۆكتەبىر ، تۇرپان

# مۆڭلىنىپ ھۆۋلايدۇ بىچارە شامال

مۆڭلىنىپ ھۆۋلايدۇ بىچارە شامال ،
ئاق قارنى قۇچىدۇ سوغۇق باغرىدا .
تاتىرىپ ئارامسىز ياتىدۇ زېمىن ،
تاتارغان تەبىئەت . . . تاتارغان دۇنيا . . .

كۆكسۈمنىڭ ئۆلۈكتەك مۇزلاشلىرىنى ،
سېزىشكە ماجالىم قالمىدى ئەسلا .
زۇلمەتلىك ئۇيقۇغا بولغاندەك ئەسىر ،
قەدىمىم سۇسلىشىپ بارار شۇ تاپتا .

تاتارغان تەبىئەت . . . تاتارغان دۇنيا ،
ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم شۇندا .
تۇرىدۇ تاتارغان گەۋدەڭ قار ئارا ،
بەلكىم بىر خىيالىي تۇيغۇ شۇ سىما .

تەبىئەت تاتارغان ، قارا ، ئەي دىلبەر ،
تۇنجۇقۇپ ئۆلمەكتە بەلكىم بۇ شەھەر ،
سەن مېنى سۆيمەيسەن ،
سەزدىمكى شۇڭا ؛
ئەمدى بۇ زېمىندا ئېچىلماس گۈللەر .

1988 – يىل 12 – دېكابىر ، بېيجىڭ



# چىغىر يول

دېرىزە ئەينىكى ئاچچىق قارايغان ،
ھەر قانچە باقسامۇ كۆرۈنمەس تالا ،
يىراقتا مۇزدەك سوغ تۇرىدۇ لەيلەپ ،
غۇۋا بىر چىغىر يول زۇلمەت قوينىدا ،
كەينىدە لىغىرلاپ تۇرغان يېشمىنىڭ ،
خىيالدەك تىترەيدۇ ئەگرى ۋۇجۇدى ،
دەلدەڭشىپ ماڭغۇم بار ئۇندا ،
مەستلىكتىن –
جىسمىمغا قالدۇرۇپ ھەسرەت يارىسى .
يىقىلىپ قالغۇم بار ئۇندا قايتىدىن ،
مىلىنىپ سوغ لايىنىڭ ئوتلۇق باغرىغا ،
ئاھ ، كۆز ياش تۆككۈم بار ئۇندا قايتىدىن ،
بېشىمنى سالغانچە . . . سالغانچە يانا ،
دېرىزە ئالدىدا مىدىرلىيالماي ،
تۇرىمەن ، ۋۇجۇدۇم ئۇيۇشقان دەھشەت ،
تىكىلىپ زۇلمەتتە يۇتكەن چىكىگە ،
ئۇن – تىنسىز قاتقانچە تۇرىمەن پەقەت .

1988 – يىل 12 – دېكابىر ، بېيجىڭ

## خىلۋەتتە ئاھ ئۇرۇپ شۇ تاش ئورۇندۇق

رەھىمسىز « خەير – خوش » دېگەن سادانى ،
تىلەيمەن تىلىمغا بەرمىسۇن خۇدا ،
ئاھ ، بولدى جىمجىتلا كېتەي يېنىڭدىن ،
قىينىماي ئۆزۈمنى ، قىينىماي قايتا ،
مەنمۇ ھەم ئۆتۈنۈپ قالاي سېنىڭدىن ،
« خوش » دېمە ، ئاھ ، بولدى ئۈزتىپ قويما .

ئۇن – تىنسىز يوشۇرۇن خۇشلىشايلى بىز ،
يۈرەككە قايتىدىن سالمايلى يارا .
دېرىزەڭ تەرەپكە قاراپ سالماي دەپ ،
ئايلىنىپ ماڭمەن باشقا بىر يولدا .
قورقىمەن سېنىڭكى ئاشۇ كۆزۈڭدىن ،
ئۇنىڭكى ئازابى دەھشەت شۇنچىلا ،

كۆز ياشلار تۆكۈلگەن خازانلار ئارا ،
ئۇيۇشۇپ تىترەيدۇ جىسمىم شۇ تاپتا .
بىز دائىم مۇڭداشقان شۇ تاش ئورۇندۇق ،
چۆمۈلۈپ تۇرۇپتۇ كۆز ياشلار ئارا .
چېھرىمدەك سارغىيىپ كەتكەن خازانى ،
توسۇلدۇم ياش تۆككەن دەرەخ ئالدىدا . . .

1988 – يىل 12 – دېكابىر، بېيجىڭ



## شىمالنىڭ شاملى كەلمەكتە قىستاپ

شىمالنىڭ شاملى كەلمەكتە قىستاپ ،
شىمالىي قۇتۇپتىن ئاستا سۇرىلىپ .
مۇڭلۇق بىر شۇركىنىش روي بېرەر شۇتاپ ،
قەلبىمدە ئازابلىق نالە ئويغىتىپ .

مۇزدەك سوغ تۇيدۇرماي كەلمەكتە قىستاپ ،
تەنھا ئۆي چۇشمەكتە ئىسكەنجىسىگە .
يالغۇز بۇ ئۆيۈمدە تۇرالماي شۇتاپ ،
بىلمەيمەن ، ئاھ ، چىقىپ كېتەي قەيەرگە .

ئاچىمەن ئىشىكنى ، دېرىزىلەرنى ،
مۇزدەك سوغ ھاۋاغا ئاچىمەن قۇچاق .
كوچىلار قوينىغا ئالمسا سېنى ،
ئۆيۈڭنى كوچىغا ئايلاندۇر شۇنداق .

1993 – يىل ئەتىياز ، ئۈرۈمچى

## كۆزۈمنى يۇمىمەن

كۆزۈمنى يۇمىمەن يۇتسە ئىدى دەپ ،
سۆيۈشنىڭ ئاھ ئاشۇ سوغۇقلىقىنى .
قانداقمۇ چىققانسەن ئايدىڭغا قايتا ،
لېۋىڭدىن كەتمەستىن سۆيۈش لەززىتى .

ھالسىراپ كەتتىم مەن سۆيۈشلىرىڭدىن ،
بۇ نازۇك ۋۇجۇدۇڭ يۆلىيەلەمدۇ ؟
سەن ئوتلۇق لېۋىڭنى ياقما لېۋىمگە ،
ھەممىنى قەلبىمدىن ئۆچىرەلەمدۇ ؟

ئەجەبمۇ ھەسرەتلىك ئايدىڭ كېچە بۇ ،
سەزدىمكى مۇھەببەت ئۆلگەن مېنىڭدە .
مېنىڭدەك كىشىنى سۆيۈشكە يەنە
ئېيتقىنا جاسارەت بارمۇ سېنىڭدە ؟

1988 ـ يىل 12 ـ 13 ـ دېكابىر، بېيجىڭ



## بىر سادا كېلىدۇ يىراق ـ يىراقتىن

بىر سادا كېلىدۇ يىراق ـ يىراقتىن ،
سىڭىدۇ جىسمىمغا بولۇپ ھارارەت .
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە خاراب بولايمەن ،
ئازابسىز خارابلىق شۇ قەدەر قىممەت .

بىر سادا كېلىدۇ يىراق ـ يىراقتىن ،
ئۇ ماڭا پاناگاھ كۆرسىتىپ بېرەر ،
بۇ پاناھ مەستخۇشلۇق ۋە ئېغىر ئۇيقۇ ،
ئۇ ـ سۆيگۈ ، چۈشۈمگە نازلىنىپ كىرەر .

بىر سادا كېلىدۇ يىراق ـ يىراقتىن ،
بۇ سادا ھاياتنىڭ ئەڭ بۈيۈك كۈيى .
تۇيدۇرماي ئالىدۇ جانىنى ئۇ پەقەت ،
شۇڭلاشقا ئۇلۇغلاپ سۆيىمەن ئۇنى .

بىر سادا كېلىدۇ يىراق ـ يىراقتىن ،
چۆمدۈرۈپ ئۇ ھەممە ياقنى سۈكۈتكە .
قۇياش بىر ئىزىدا قالدۇ توختاپ ،
ئادەملەر دېمىنى يۇتار ئىچىگە .

بىر سادا كېلىدۇ يىراق ـ يىراقتىن ،
يۆلىنىپ تۇرىمەن ئەسكى بىر تامغا .

ئادەملەر ئالدىراش ئۆتەر يېنىمدىن ،
ۋە لېكىن ھېچ كىشى كۆرمەس شۇ تاپتا .

بىر سادا كېلىدۇ يىراق - يىراقتىن ،
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە سالىمەن قۇلاق .
بىلىمەن بەرداشلىق بېرەلمىسىمنى ،
لېكىن مەن ئاڭلايمەن ھەممىدىن ئۇزاق .

1988 - يىل 12 - دېكابىر ، بېيجىڭ



## بولغانىدەك ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرماقچى

بولغانىدەك ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرماقچى ،
لەيلەيدۇ شەھەرنىڭ ئۈستىدە تۇمان .
ئوخشايدۇ جەسەتنىڭ يارا ئىزىغا ،
يىراقتىن قارىسىپ كۆرۈنگەن ئورمان .

ئۆچۈپتۇ خازانلار شىلدىرلاشلىرى ،
ئاڭلانماس پىغانلىق كۈيلىرى ئەمدى ؛
قەددىمنى پۈكلىگەن دەردلىك ئەسلىمە
قەبرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنگەن كەبى .

كۆرۈنەر قۇياشمۇ مۇز پارچىسىدەك ،
شۇ قەدەر رەھىمسىز ئۇنىڭ سوغ نۇرى ،
يايرىمىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرغاندەك ،
تىترەيدۇ ۋۇجۇدۇم ، يۈيىمەن كۆزنى .

1988 - يىل 19 - دېكابىر ، بېيجىڭ

## تozاق

ئاھ ، ئەجەب ئوخشايسەن بىر ئوماق قۇشقا ،
ئارىلاپ يۈرىيسەن توزاقلار ئارا ،
پەقەت مەن جۈرئەتسىز باسماق قويۇشقا ،
تۈرىمەن ئۈن ـ تىنسىز قاراپ يولۇڭغا .

بەلكىم مەن تەرەپكە باسماسسەن ئاياغ ،
چۈش كەبى تۇيۇقسىز بولارسەن غايىب .
پەقەت مەن جۈرئەتسىز قۇرمىغاچ توزاق ،
باشقا بىر قەپەسكە چۈشەرسەن كېلىپ .

ئاھ ، قولۇم بارمىغاچ سېنى تۇتۇشقا ،
سېنىڭدىن مەھرۇم قىپ قويار مۇھەببەت .
سېنىڭدەك بىر ئوماق ، شوخ ئەركە قۇشقا ،
ئېرىشەر رەھىمسىز ئادەملەر پەقەت .



## خەير دەپ قولۇڭنى كۆتۈردۈڭ بەلكىم

خەير دەپ قولۇڭنى كۆتۈردۈڭ بەلكىم ،
كۆرمىدىم ، كۆزۈمنى توسىۋالدى ياش ،
بىلىمەن چېھرىڭدە كۈلۈمسىرەشلەر ،
قەلبىمنى ئۆرتىدى زەھەرگە ئوخشاش .
كۆزۈڭگە باقمىدىم ئەڭ ئاخىرقى رەت ،
شۇ شاللاق كۈلكەڭگە بېرەلمەي بەرداش .

مەن كەتتىم ، سېنىڭكى سوۋغىلىرىڭنى
يول بويى چۆللەرگە تاشلىدىم چۆرۈپ .
چۆل كەبى قاغجىراپ تۇرغان قەلبىمگە ،
بىلەمسەن كۈتكەندىم سەندىن تەلمۈرۈپ
بىباھا ، سۈپسۈزۈك بىر تامچە كۆز ياش
ئۈزاتتىڭ بىراق سەن پەقەتلا كۈلۈپ .

خەير . . . دەپ قولۇڭنى كۆتۈردۈڭ بەلكىم ،
ماشىنا كەينىدىن كۆتىرىلدى چاڭ ،
ھەممىنى بىردىنلا تاشلىدى ئۈزۈپ ،
پەردە بوپ ئارىغا يېيىلىپ توزاڭ .
ئۈنتۈلۈپ كېتىلگەن غۇۋا چۈش كەبى ،
چاڭ ـ توزاڭ ئىچىدە يوقالدى قاراڭ .

## يامغۇر چۈشمەكتە كېچە قويندىن

يامغۇر چۈشمەكتە كېچە قويندىن ،
ئاخىرى تۈگىدى كەچلىك ئولتۇرۇش .
ئۈن - تىنسىز كەينىڭدىن ماڭدىم ئەگىشىپ ،
مۇزدەك سوغ يامغۇردا سەگەك ھەم مەستخۇش .

بېيجىڭنىڭ كوچىسى كەڭرى ، ئازادە . . .
سەن سېلىپ تاشلىدىڭ ئاياغلىرىڭنى ،
كەچمەكتە يامغۇدا ئاپئاق پۇتلىرىڭ ،
يالىڭاچ كۆرگەندەك بولدۇم مەن سېنى .

ئوت ئالغان تېنىمگە ئۇرۇلۇپ بىرمۇ بىر ،
يامغۇر چۈشمەكتە كېچە قويندىن ،
شەمنەمدە ھۆل بولغان ئاق گۈلگە ئوخشاش ،
ئاھ ، ئاشۇ مەنزىرە چىقماس ئېسىمدىن .



## سەن مېنى باشلىدىڭ نەپىس تانسىغا

سەن مېنى باشلىدىڭ نەپىس تانسىغا ،
قەدىمىڭ شۇ قەدەر لەرزان چىرايلىق .
تىنىمسىز ياڭرىغان مۇڭلۇق شۇ ناخشا ،
بۇ گۈزەل ھۆسنۈڭگە نەقەدەر لايىق .

تانسىغا باشلىدىڭ تۇتۇپ قولۇمدىن ،
سىڭىشىپ كىردۇق بىز كۈيلەر قوينىغا .
ئاجايىپ بىر ئىستەك قىيىندى مېنى ،
ئويلىدىم يېقىلىپ چۈشۈشنى بوينىدا .

يۆلىمە سەن مېنى ، يۆلىمەيلا قوي ،
كۈيلەرگە تېخىمۇ سىڭىشىپ كېتەي .
شۇ لەرزان ھەم نەپىس قەدەملىرىڭنىڭ
گۈزەللىكىگە يەم بولۇپ كېتەي .

## پەرىزات بېلىق

سەن مەۋجۇت ئەمەسسەن، لېكىن ھەر كۈنى،
ئۇلتۇرۇپ سېنىلا ئويلايمەن بۇندا،
ئەزەلدىن ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك،
گويا بۇ دۇنيادا سېنىڭدىن باشقا.

خىيالىي ۋەسلىڭنى قوغلىشىپ بىر كۈن،
بارىمەن بەلكىم بىر دېڭىز بويىغا.
تۇيۇقسىز تېنىڭنى كۆرۈپلا بەلكىم،
ئۆزۈمنى ئاتارمەن دېڭىز قوينىغا.

سەن مەۋجۇت ئەمەسسەن بىلىپ تۇرۇپمۇ،
كۈتىمەن سېنى ئەي، پەرىزات بېلىق،
شۇڭغىسام ئاخىرى دېڭىز تەكتىگە،
ئېيتقىنا ئۇ يەردە بولارمەنمۇ غەرق؟



## قاردىكى ئىزلىرىم بىچارە تەنھا

شۇ قەدەر غۇبارسىز، شۇ قەدەر ئوماق،
ئۇيقۇلۇق شەھەرنى چۈمكەپتۇ ئاق قار.
ئاق قارنىڭ ئۈستىدە تەنھا ئىزلىرىم،
تارتىنىپ دېرىزەڭ ئالدىغا بارار.

سۆيۈشلەر ئالدۇ بىزنى ئىلكىگە،
كىرگەندە مەن سىڭىپ تىمتاس چۈشۈڭگە.
تۇيۇقسىز قولۇڭدىن تۇتىمەن تارتىپ،
خەۋىرىڭ بار ئەسلى ... چۆچۈيسەن يەنە.

ئەمەيلى سەن خالىساڭ كۆرگىن چۈشۈڭدە،
قولۇڭغا ئېسىلىپ يىغلىغان ھالدا،
بىلىمەن، ئاھ، ھامان يۈرىكىم كەبى،
قاردىكى ئىزلىرىم بىچارە تەنھا...

1988 – يىل 29 – دېكابىر، بېيجىڭ

## كۈتۈش

دۈپۈلدەر غىچىرلاش بىلەن تەڭ يۈرەك ،
تۇرغاندەك گويا ئىشىككە ئېسىلىپ ،
چۆچۈپلا قارايمەن ،
شامال ئۈنتۈلغان
ئازابلىق كەچمىشتەك ئۇرىلار كىرىپ .

قورقىمەن : ئىسراپ بوپ دۈپۈلدەشلىرى
شۇ قورۇق غىچىرلاش پەريادلىرىغا ،
مەڭگۈلۈك تۈگىتىپ دۈپۈلدىشىنى
كېتەرمۇ دەپ سوغۇق دەردلىك ئۇيقىغا .

پەقەت سوغ شاماللار هەمراهدۇر ماڭا ،
تۈگىمەس ئازابلىق كۈتۈشلىرىمدەك .
ئۇ غېرىب شەكىلسىز ۋە بوش جىسىمدا ،
قۇچىدۇ كۆكسۈمدىن گويا يايرىمدەك .

1988 ـ يىل 3 ـ يانۋار ، بېيجىڭ



## تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ سوغۇق كېچىسى

تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ سوغۇق كېچىسى ،
خوش ! دەيمەن قولۇمدا كۆيدۈرگۈچ شاراب .
كۆكسۈمنى ئۇ ئاچچىق سوغلىقى بىلەن ،
كۆيدۈرۈپ ، كۈيدۈرۈپ قىلىدۇ خاراب .

خوش ! دەيمەن قەدەھتە تەۋرەيدۇ شاراب ،
تەۋرەيدۇ پايانسىز خىيالىم كەبى .
ئۇ گويا شېخىدىن ئۈزۈلگەن ياپراق ،
تۆكىلەر يۈرەككە چاچقانچە پۇراق ،
بىر ئاجىز ئىڭراشتۇر ئاچچىق پۇرىقى .

ھاياتقا بۇ چۆرۈپ تاشلانغان كۈنۈم ،
جاراڭلار ناتونۇش ، يىراق قەدەھلەر ،
ئۇ گويا مەسخىرە كۈلكىسى كەبى ،
يۈرەككە سىڭىدۇ بولغانچە زەھەر .

ئاھ ، بايرام كۈنىدە تۇغۇلمىسامچۇ !
چىشلەيمەن لېۋىمنى ئېتىپ قۇلاقنى ،
مۇبارەك دەپ ماڭا تىكمە كۆزۈڭنى ،
بىلمىدىم قانداقمۇ تەبرىكلەي ئۇنى .

قولۇمدىن تاراڭلاپ چۈشىدۇ قەدەھ ،

تۇغۇلغان مىنۇتۇم بىھوش ئۆتتىدۇ .
بىر خۇشال كېچىنىڭ يالدامىسىغا ،
مۇبارەك ! دەپ تەنها كۆز ياش تۆكتىدۇ .

1989 ـ يىل يانۋار ، بېيجىڭ



## ئايالىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە

بۈگۈن ـــ سىنىڭكى تۇغۇلغان كۈنۈڭ .
بۇ قېتىم ئەجەبمۇ ئۇنتۇيالمىدىم ؛
يەنىلا بۇ كۈننى ئۇنتۇپ قالدى دەپ ،
كۆزۈڭ ياش ، ھەسرەتتە ئويلامسەن جېنىم ؟

قوينۇمدا پىلتىڭلاپ ئەركە بېلىقىم ،
جېنىم دەپ شىۋىرلاپ ياتقىڭ كېلەمدۇ ؟
يىنىڭدىن تاپالماي ئىسسىق تېنىمنى ،
ئاھ ، يىرىم كېچىدە تىترەك باسامدۇ ؟

ئۈنۈمنى ئاڭلايسەن ، بىراق كۆرەلمەي ـ
تۇرىسەن ياش تۆكۈپ پەنجىر سىرتىدا .
پەقەتلا كۆرۈنمەس ياشلىرىمنى مەن
تۇغۇلغان كۈنۈڭگە قىلىمەن سوۋغا .

1996 ـ يىل 20 ـ ئاپرېل ، ئۈرۈمچى

## بىر ئوماق قىزچاق بار ، ئاھ ، شۇنچە ئوماق

بىر ئوماق قىزچاق بار ، ئاھ ، شۇنچە ئوماق ،
ۋە بىراق مەن سۆيدۇم شاللاقلىقىنى .
لەۋلىرى قىپقىزىل ، سۇزۇك يالتىراق ،
شورىغان بىھېساب لەۋلەر قېنىنى .

ئۇنىڭكى ئاشىنىسى بولماققۇ ئاسان ،
ۋە لېكىن كۈتكىنىم ئىدى مۇھەببەت .
ئاھ ، ئۇنىڭ تەبەسسۇم نۇرىدىن ھامان ،
بايقايمەن بىپايان ئازابلىق زۇلمەت .

1989 ــ يىل 5 ــ مارت ، بېيجىڭ



## يامان چۈش

بىر دەملىك يامان چۈش بولۇپ قىسمىتىم ،
يۇتسىدى دەپ تىلەپ يۈرمىدىم ئەسلا .
خالىماس بىچارە قەلبىم سۆيگۈنىڭ ،
يۇتۇشىن ئازابلىق چۈش بىلەن تەگلا .

ھەر دائىم ئوخشاش چۈش شۇ بىر يامان چۈش ،
دادلىنىپ ، زارلىنىپ باقمەن ساگا ،
بېشىگنى جىممىدە قىلغانچە تۆۋەن ،
ئۇن ـ تىنسىز يېنىمدىن كېتىسەن ئاستا .

1988 ــ يىل 7 ــ دېكابىر ، بېيجىڭ

## ئۇنتۇپ كېتسەن بەلكىم سەن مېنى

ئۇنتۇپ كېتسەن بەلكىم سەن مېنى ،
ئورنۇم يوق سېنىڭكى ئەسلىمەڭ ئارا .
تونۇماي قالىسەن ئۇچرىشىپ قالساق ،
پەقەتلا مېنىڭلا قەلبىمدە يارا .

بۇ چەكسىز كوچىدا ئازمۇ ئادەملەر ،
مۇمكىنمۇ ھەممىنى ئەستە تۇتمىقىڭ ،
شۇ سانسىز ناتونۇش يۈزلەرگە قوشۇپ ،
بەلكىم سەن مېنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىڭ .

مەن لەيلەپ يۈرىمەن ئادەملەر ئارا ،
يېنىمدىن ئاستىلا ئۆتۈپ كېتىسەن .
يېنىمدىن ئەمەس سەن مېنىڭ دىلىمنى ،
پىچاقتەك بىر ئاچچىق تىلىپ ئۆتىسەن .



## سەن دېدىڭ : تۈگەشتى ئەمدى ھەممىسى

سەن دېدىڭ : تۈگەشتى ئەمدى ھەممىسى ،
ئىقرار قىل ! بىھۇدە بارچە ئۇرۇنۇش .
مېڭەڭنى سىلكىۋەت دېدىڭ سەن يەنە ،
سەگەكلەش ، بىھۇدە بارچە كۆز يۇمۇش .

ئازابتىن قۇرۇلغان گۈزەل قەسرىم ،
سەزدىمكى ئاستىلاپ چۈشمەكتە غۇلاپ ،
قارىسام ئىسمىنى يېغىپ ئەتراپقا
قۇپقۇرۇق چەكسىز چۆل تۇرۇپتۇ ئوراپ .

# H ئا

ئەجەبمۇ سۆيۈملۈك بىر قىز ئىدىڭ سەن ،
پەقەتلا چوڭ ئىدىڭ مەندىن ئىككى ياش .
چاقچاقتىن باشلىنىپ بىزنىڭ سۆيگۈمىز ،
ئۈزۈلدى بىردىنلا چاقچاققا ئوخشاش .

ئەتراپقا قارايمەن دوستلارنى ئىزدەپ ،
يەنە شۇ چاقچاقلار داۋاملاشسا دەپ .
ئاھ ، ئەمدى بارچە سۆز تۇيىلار دەھشەت ،
چاقچاق دەپ چۈشەنمەك تەس بولدى ئەجەب .

باشقىلار ئاتىسا ئاشىق ـ مەشۇق دەپ ،
ئۇياتتىن قىزارغان ئىدى يۈزىمىز .
ئەمدى بىز خىجىل بوپ قىزىرالمايمىز ،
تاتىرىپ كېتىمىز بەلكىم ئۈن ـ تىنسىز .

ئەتراپقا قارىدىم دوستلارنى ئىزدەپ ،
قىستىدى ناتونۇش ئادەملەر توپى .
مۇزدەك سوغ چىرايلار تولغان جاھاندا ،
قىزارغان يۈزلىرىڭ كۆرۈنمەس ئەمدى .



# ناخشا

ھەسرەتلىك ھەم يارقىن كۈلدۈ ياشلىق ،
بىر بۇزۇق ئايالنىڭ تەبەسسۇمىدەك .
يىراقتىن سوغۇقلا كۈلدۈ ئۆلۈم ،
يايرىمنىڭ مەيۇس ، سوغ قاراشلىرىدەك .

بىر بۇزۇق ئايالنىڭ كۆزلىرى كەبى
مۆلدۈرلەر بۇ ھايات . . . ئاھ غېرىبسىنىپ . . .
ئۆزۈمنى تىللايمەن سوزۇپ ئاگا لەۋ ،
كېتەلمەي تارتىنىپ ، لېكىن يىرگىنىپ .

ئاھانەت مەن ئۈچۈن سۆيگۈ ناخشىسى ،
يىرگىنىپ ، يىرگىنىپ سۆيىمەن ئۇنى .

1988 ـ يىل 6 ـ ئىيۇن ، بېيجىڭ

## مۇڭلىنىپ ئېيتماقچى بولساڭ گەر ناخشا

مۇڭلىنىپ ئېيتماقچى بولساڭ گەر ناخشا ،
خالايمەن بولۇشنى دەردلىك ئاھاڭى .
تەلمۈرسەڭ بىر كىمدىن مۇھەببەت ئىزلەپ ،
خالايمەن بولۇشنى كۆزۈڭنىڭ نۇرى .

خالايمەن كۆزۈڭنىڭ نۇرى بولۇشنى ،
بىچارە ۋە لېكىن مۇھەببەتكە باي .
باشقىلار قەلبىگە سىڭىپ ئۈن - تىنسىز ،
قىينايمەن كېچىسى بىدار ئۇخلاتماي .

تىلەيمەن پەقەتلا سۆيگۈ شادلىقى ،
خالىيدا سىلەر شاد ئۇچراشقان چاغدا .
سۇلساڭمۇ ھىجراندىن توزىغان گۈلدەك ،
تىلەيمەن بولمىسۇن يۈرەكلەر يارا .

1988 - يىل 8 - مارت ، بېيجىڭ



## ھاياتنىڭمۇ مۇقەددەس سۆيگۈ

مۇھەببەت ئۈزۈلمەس پۈتسىمۇ ئۆمۈر ،
مۇھەببەت ئۈزۈلمەس ئۈزۈلسە ھايات .
مۇھەببەت كۆمۈلمەس كۆمۈلسە ئىنسان ،
مۇھەببەت مۇقەددەس يۈكسەك ناھايەت .

سەھەردە ئۈپۈقنى بويايدۇ قىزىل ،
ھەر كېچە يۈرىكىم ئىگراپ تۆككەن قان .
سۆيگۈمنىڭ ھەسرەتلىك تارتقان ئۆھلىرى ،
سۇكۈتنىڭ جىسمىدا قوزغارمۇ غەليان !

ئاھ ، سوغۇق شامالدا باھارنى كۈيلەر ،
قىشتىكى يېگانە بىر يېشىل ياپراق .
مەن ئەسلا بىلمەيتتىم ئازاب دېگەننى
سەن بىلەن ئۇچراشقان كۈندىن بۇرۇنراق .

سەن ماڭا ئۆگەتتىڭ ئازابلىنىشنى ،
كۆرسەتتىڭ سۆيگۈنىڭ چەكسىزلىكىنى .
ۋىسالىڭ ئەگەردە بولسىمۇ نېسىپ ،
قىينايدۇ ئاھ ، ئاشۇ چەكسىزلىك مېنى .

1988 - يىل قىش ، بېيجىڭ

## مەن ساڭا مەكتۇپلار پۈتىمەن ، لېكىن . . .

مەن ساڭا مەكتۇپلار پۈتىمەن ، لېكىن –
بىرنىمۇ قەلبىڭگە يەتكۈزەلمەيمەن .
تاشلىسام قىپقىزىل يالقۇنغا ، ئۇنىڭ –
بىچارە كۈلىدىن كۆز ئۈزەلمەيمەن .

بىلمەن دوزاقتۇر سېنىڭ يۈرىكىڭ ،
كۈل بولۇپ تۈگەيدۇ ئۇندا بارچە خەت .
شۇڭا خەت يازىمەن ، سالمايمەن بىراق ،
كۈل بولسۇن كۆيۈپ كۆز ئالدىمدا پەقەت .

ئوت يالماپ يۇتماقتا مېنىڭ خېتىمنى ،
ئوت يالماپ يۇتماقتا بارچە نەرسىنى .
مەن چەكسىز ئوتنىڭكى تۇرۇپ ئىچىدە ،
يازىمەن ئاخىرقى بەتكە ئىسمىڭنى .

1989 – يىل ئۆكتەبىر ، ئۈرۈمچى



## مۇھەببەت ناتونۇش !

مۇھەببەت ناتونۇش ، قەلبلەر خىلۋەت ،
كۆز ياشلار ياش ئەمەس تامچە سۇ ئاڭا .
مۇھەببەت مەنزىلسىز ، ئېنىق ئاقىۋەت ،
ئۇن – تىنسىز ماڭىمەن لېكىن شۇ يولدا .

پەقەتلا شېرىن چۈش ئويغىتار دائىم ،
ۋە لېكىن ئويغۇنۇش كۈلپەتتۇر چەكسىز .
بولسىمۇ يۈرىكىڭ قىلچە سۆيگۈسىز ،
ئۇنتۇپ كەتمىگىن سەن مېنى ھەرگىز ،

كۆكلەرگە سىڭىپلا يۈرەك ساداسى ،
يۇتەمدۇ قالدۇرماي ھېچقانداق بىر ئىز ؟ !
كۈلكىمىز ئۆچەمدۇ لەۋلەردىلا ھەم
ئورنىمۇ يىغىنىڭ پەقەت قەلبىمىز ؟!

ئۆرتىنەر يۈرىكىم ، ئۇندا يالقۇنلار
بولغاچقا گوياكى پىنھان بىر دېڭىز .
شۇنچە ئوت يېلىنجاپ تۇرسىمۇ لېكىن
ئۇ پىنھان ، زۇلمەتلىك ، سوغۇق ۋە نۇرسىز .

1988 – يىل مارت ، بېيجىڭ

## سۆيۈشمۇ ئانچىلىك ئازابلىق ئەمەس

سۆيۈشمۇ ئانچىلىك ئازابلىق ئەمەس ،
كۆيدۈرۈپ پەقەتلا قىلىدۇ قاقشال .
ھىجرانمۇ ئانچىلىك ئازابلىق ئەمەس ،
كۆيدۈرسە پەقەت كۈل بولىمەن دەرھال .

خالايمەن پەقەتلا سۆيۈشنى دائىم ،
قاقشال قىپ ئۆزۈمنى سوغۇق باغرىڭدا .
كۆز ياش تۆك قايتىدىن دەردلىك ياشارسام
سۆيۈشچۈن ئاھ ، سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭدا .

1988 ــ يىل 19 ــ دېكابىر ، بېيجىڭ



## تىكىلىپ قارىما ئەمدى كۆزۈمگە

تىكىلىپ قارىما ئەمدى كۆزۈمگە ،
بۇ نۇرسىز كۆزلىرىم بېرەلمەس چىداش ،
ئۇنتۇپ كېتەرمەن چېھرىڭنى بەلكىم ،
ئۇنۇتماي يۈرۈشكە يوق ئەمدى بەرداش .

سۆيمىگىن ، بولدى شۇ مۇزدەك لەۋدىكى ،
ئۇچرىشىش بوپ قالدى بىزگە نە ھاجەت ؛
بولدى جان تالاشما ئاھ ، لەۋلەر ئارا ،
سۆيۈشكە تېنىمدە قالمىدى تاقەت .

ۋەھىمە ئىلكىدە سېزىمەن ھەردەم ،
ئاياللار دەھشەتلىك كۈلۈمسىرەيدۇ ؛
ۋەھىمە ئىلكىدە سىقىرار يۈرەك ،
تەنلىرىم جۇغۇلداپ سوغۇق تىترەيدۇ .

ئاياللار تۈيدۈرماي ئاستا ــ ئاستىلاپ ،
يوشۇرۇن ئىچمەكتە مېنىڭ قېنىمنى .
كېسەلچان چىرايىم سولار سارغىيىپ ،
تەشنالىق قۇرۇتىپ بارار تېنىمنى .

دىلبىرىم باق ئاۋۇ سۇلغۇن قۇياشقا ،
ئۇ ئۇيۇق قوينىدا تالاشماقتا جان .

ئۇنتۇپ كەت مېنى سەن ئاشۇ قۇياشتەك ،
تىكىلىپ قارىما كۆزۈمگە جانان .

1988 ـ يىل دېكابىر ، بېيجىڭ



## ئاننا ئاخماتوۋاغا تەقلىد

زۇلمەتلىك چىراغقا باقمەن ئۇزاق ،
كەچ ئۇنىڭ نۇرىدا ئۆلۈم پۇرىقى .
ئۆلمەيمەن دەپ چۇقان سالىمەن بىراق
ماتەملەر شادلىنىپ سۆيەر لېۋىمنى .

دېرىزە ئالدىدا تۇرغان بوتۇلكا ،
گوياكى كۆكسۈمگە بەتلەنگەن ئوقلار .
ئاق دەرەخ غوللىرى كۆزنەك سىرتىدا ،
قۇرىغان ھەسرەتنى قىلىدۇ ئىزھار .

يۈز ئۆرۈپ ، تېز يوقال دېسەم سۆيگۈنى ،
قان قۇسار كاككۇكتەك سايرايدۇ يۈرەك .
مېنى بۇ دۇنيادا ھالاك قىلغۇچى ،
سېزىمەن ھېچكىم يوق سېنىڭدىن بۆلەك .

1989 ـ يىل 8 ـ مارت ، ئۈرۈمچى

# ئۈمىد — ئازاب

بۈگۈنلا ھېس قىلىپ يەتتىم مەن شۇنى،
ياخشىكەن ئەسلىدە ئۈمىدنى ئۈزگەن.
ئازابكەن، زەنجىر كەن ئۇ ئۈمىد ئەسلى،
ئۈمىدنى ئۈزدۈم — دە، ئازاد بولدۇممەن.

بىردىنلا تۈگىدى بارچە قوغلىشىش،
ۋەسۋەسە سالالماس ئۈمىدلەر جەزمەن.
كۆرۈنمەس شۇ غۇۋا ئۈمىدلەر بىلەن،
ئەمدى مەن ئۆزۈمنى ئالدىيالمايمەن.

بىر ناخشا بار — زۇلمەت باسقان بىر ناخشا،
ھەسرەتلىك ئۆمرۈمگە رەھىمسىز ھەمرا،
تىلەيمەن قورقۇنچ ئىلكىدە: — يانا،
ئۈمىدلەر ۋەسۋەسە پەيدا قىلمىسا.

قورقىمەن ئاھ، يەنە سۆيەرمەنمۇ دەپ،
ئەسىر بوپ زۇلمەتلىك ئۈمىدكە قايتا،
سەن ئۈچۈن كۆز ياشلار تۆكەرمەنمۇ دەپ،
ئۆلگەن قەلب مۇزىدا ياڭراپ شۇ ناخشا.

1989 — يىل 10 — مارت، بېيجىڭ



# كېچە

قاراڭغۇ كوچىنى يورۇتالمايدۇ،
يۇلتۇزلار چاچقان شۇ غۇۋا نۇر زىيا.
قەلبىمنى كۈيلىرىڭ ئېرىتەلمەيدۇ،
چۆكمەن مۇز كەبى ناخشىلار ئارا.

قاراڭغۇ كوچىلار ئارىلاپ تەنھا،
ئىزدەيمەن سۆيگۈدىن قالغان شۇ ئىزنى.
ھېس قىلدىم مۇھەببەت بۇ يەردە قايتا،
قوينىغا ئالمايدۇ ئاھ، ئەمدى بىزنى.

ياش تۆكۈش نە ھاجەت ئۆلگەن سۆيگۈگە،
مەڭزىمدىن ئاققان بۇ يامغۇر تامچىسى،
بۇ يامغۇر ياغىدۇ بەلكىم بىر كېچە.
يۇيۇلۇپ تۈگەيدۇ يۈزۈم... ھەممىسى...

## يالڭاچ . . . يالڭاچ . . . يالڭاچ . . .

بىلمەيمەن خازاندەك سولغان بىر جۈپ كۆز ،
نەدىندۇر ئۇزۇلمەي قارايدۇ ماڭا .
ئۇ شۇنچە يوشۇرۇن ، شۇ قەدەر خىلۋەت ؛
جىسمىمنى ئورايدۇ ئاجىز نۇرىدا .
بۇ ھالسىز تېنىمنى مەست قىلار شۇ نۇر
دەلدەڭشىپ كېتىمەن ئۇنىڭ ئالدىدا .

بىلدىم مەن تۇنۇگۈن ئۆلدى شۇ كۆزلەر ،
ئاھ ، نۇرسىز قارىشى جۇغۇلدىتار تەن ،
سۆيگۈنىڭ يالڭاچ قىياپىتىنى ،
كۆردۇم ــ دە يالڭاچ بولۇپ قالدىم مەن .

كۆك نۇرنىڭ ئىچىدىن چۈشكەندە بىر قىز ،
بۆلۈنۈپ سارغايغان سۆيگۈ نۇرىغا ،
رەھىمسىز شۇ كۆزلەر قىينىيالمىغان ،
ئوغۇز خان يالڭاچ كەلسە يېنىغا .
مۇھەببەت يالڭاچ قىپ قويىدى مېنى ،
سەزدىمكى ئامال يوق ئەمدى بۇنىڭغا .

1989 ــ يىل 11 ــ مارت . بېيجىڭ



## قار ياغقان كوچىنى ئايلانما ئەمدى

قار ياغقان كوچىنى ئايلانما ئەمدى
ئۇ يەردە سەن مېنى ئۇچرىتالمايسەن
ئۆيىڭگە قايتىپ ئوت ياقما مەشكىمۇ
مۇزلىغان تېنىمنى ئىللىتالمايسەن

ئۇنتۇپ كەتكەندىن بېرى مەن سېنى ،
جۈپ شەھلا كۆزۈڭنى ئەسلىيەلمىدىم .
كۆزۈڭنىڭ نۇرىنى مەن كۆرگەن سانىسىز ،
كۆزلەرنىڭ نۇرىدىن پەرق ئېتەلمىدىم .

1989 ــ يىل 5 ــ ئاي ، بېيجىڭ

## تەشنالىق

مۇزلىغان روھىمنى ئويغىتالماستىن ،
مەستخۇشلۇق زۇلمىتىدە باقمەن ساڭا ،
تەشنالىق ئىزلەيمەن قاراپ لېۋىڭگە ،
تەشنالىق ئاتا قىل !
بولاي مەن تەشنا . . .

مەغرۇر بىر ھېسسىياتتا بېقىپ دۇنياغا ،
مۇزلايمەن، مۇزلايدۇ يۈرىكىم قەۋەت .
تاشلايمەن دەپ : « ھەممە كېرەكسىز ماڭا ،
دۇنيادا »تىكىلىپ كۆزۈڭگە پەقەت .

ھېچ نەرسە روھىمنى تەشنا قىلالماس ،
مۇزلىدىم مۇردىنىڭ ئۆزىدەك گويا .
تەشنالىق ئاتا قىل ، كۆيدۈر مېنى دەپ ،
تىكىلىپ ـ تىكىلىپ قارايمەن ساڭا .

1988 ـ يىل دېكابىر ، بېيجىڭ



## مەيلى سەن ئالداۋەر ، ئالداۋەر مېنى

مەيلى سەن ئالداۋەر ! ئالداۋەر مېنى ،
يالغاندىن ئەركىلەپ كۆزۈمگە قارا .
تىزلىناي ئالدىڭغا ، تىكىلمىگىن چىن ،
بىل ، يالغان سۆزلىرىڭ كېرەكتۇر ماڭا .

ئالدىنىش لەززىتى نەقەدەر شېرىن ،
يۈز ئاچار ئالدىمدا نۇرلۇق بىر دۇنيا .
رەھىمسىز رېئاللىقنى ئۇنتاي بىردەم ،
گۈزەلدۇر ۋىسالمۇ ئالداشقا تولسا .

1988 ـ يىل ياز ، بېيجىڭ

## ئىگىرىغان نەپەستەك تۆكۈلگەن كۆز ياش

ئىگىرىغان نەپەستەك تۆكۈلگەن كۆز ياش ،
تۆكۈلگەن ۋە لېكىن ئەمەس تاشلانغان .
ھەر ياققا چېچىلىپ بۇلغانغان سۆيگۈم
ئۈستىدە كۆز يېشىم قىلىدۇ جەۋلان .

قەلبىمدە ئىگرايدۇ تاتارغان ئارزۇ ،
ئايلىنىپ رەھىمسىز ئوتلۇق ناۋاغا ،
ئىزلەيمۇ ھېچ يەردىن تاپالماي بىراق ،
كۆيىمەن شۇ ناۋا يېلىنجىشىدا .

يىغلىسام ئاھ ، شېرىن ھەمرايىم يىغا ،
شۇڭلاشقا كۆز يېشىم سۆيۈملۈك ھامان .
قۇدرەت يوق تاشلاشقا . . .
تۆكۈلگەن كۆز ياش ،
تۆكۈلگەن ۋە لېكىن ئەمەس تاشلانغان .

1988 ــ يىل قىش ، بېيجىڭ



## كۆيۈش

كۆيدۈرسە ئوتلارنىڭ ئىچىدە يامان ،
ھەممىدىن ئۆچۈپ كۈل بولغان ئوت تەپتى ،
قەدىمي بىر ئوتنىڭ ئۆچكەن قويندا ،
ئۆرتىنىپ ئىگرايدۇ پارلاق كەلگۈسى .

كۆيىمەن دەيمۇ ئوت تاپالمىغاندا ،
ئەڭ دەھشەت كۆيۈشكە بولدۇم مەن دۇچار ،
قەلبىمدە يېڭى ئوت يانالمىغاندا
كۈلىنىڭ تەپتىدە بولدۇم زارۇزار .

1989 ــ يىل ، بېيجىڭ

## ئازاب

جەسەتنىڭ كۆكسىدىن يىتكەن بوشلۇقتىن ،
ئۆمرۈمگە بەك قاتتىق ئەندىزە ياساپ ،
سەن ئاشۇ بوشلۇقتەك يوقالدىڭ بىردىن ،
ۋە لېكىن قالدۇردۇڭ ئورنۇڭغا ئازاب .

نېچۈندۇر مەن شۇندىن سېنى سۆيگەندەك ،
بىل ، سېنىڭ ئورنۇڭدا سۆيدۇم ئازابنى ،
ئاھ ، تاشلاپ كەتكەندە بارچە دەرد سەندەك ،
دەردسىزلىك ـ غېرىبلىق ئۆلتىرەلمىدى .

شۇڭلاشقا مەن يەنە غەم يېيەلەيمەن ،
بىل سېنى سۆيگەندەك چىن سۆيەلەيمەن ،
بوشلۇققا ئۇن ـ تىنسىز بولغاندا ئەسرار
« سۆيگۈم » بار دەيمەن ـ دە ، ئارام تاپىمەن .

1989 ـ يىل باھار ، بېيجىڭ



## خىيال

ئۆچتىمىكىن يامغۇر سۈيىدە ،
كۆرۈنمەيدۇ بوشلۇقتا ئوت شار ،
ئۇنىڭ ئىسى يامغۇر ئۈندەك ،
يۈرىكىمدە مىسكىن سىمىلدار .

سىم ـ سىم يامغۇر ياغار توختىماي
سىم ـ سىم ئاجىز . . .  سۇلغۇن خىيالىم . . .
كۆزلىرىڭدە ئۆچكەن قارا ئوت ،
يامغۇر رەڭگىدە تىكىلمە جېنىم . . .

1989 ـ يىل 20 ـ ئاپرېل ، بېيجىڭ

## مەن بىلمەن تۆت كۈنلۈكلا ئالەم بۇ

مەن بىلمەن تۆت كۈنلۈكلا ئالەم بۇ ،
تەلپۈنىمەن شۇڭا گۈللەر قوينىغا ؛
خازانلارنى چىقارغۇم يوق ئېسىمدىن ،
باھار ئوخشاش كۈزمۇ بەلكىم بەك قىسقا .

ھايات كەبى قىسقا بەلكىم ئۆلۈممۇ ،
ئۆلۈم كەبى چەكسىز بەلكىم ھاياتمۇ ،
كەل ، سوقوشتۇر مېنىڭ بىلەن بىر قەدەھ
بىلگۈم يوقتۇر مەن ئوگىمۇ ۋە يا مەستمۇ ؟

يۈر ، كىرەيلى گۈللۈك گۈزەل باغلارغا ،
خۇش پۇراقلار بىزنى بىردەم ئورىسۇن .
ھەسرەت كەبى قىسقا بەلكىم شادلىقمۇ ،
كۈلىۋالغىن، پەيتلەر ئۆتۈپ كەتمىسۇن .



## پويىز كىرمەكتە كۆتۈرۈپ پەرياد

پويىز كىرمەكتە كۆتۈرۈپ پەرياد ،
ئادەمگە لىق تولغان ۋوگزال ئىچىگە ،
قىستىلىپ تۇرغان شۇ ساناقسىز ئادەم
ئىچىدە كۆرۈنمەس ھېچكىم كۆزۈمگە .

پويىز كىرمەكتە كۆتۈرۈپ پەرياد ،
ئېچىشار ئويقۇسىز قىزارغان كۆزلەر ،
ھېچ كىشى ئالدىمغا چىقمايدۇ بۇندا ،
ئوت كەبى يېلىنجاپ تۇرار ھەممە يەر .

قىستالغان ساناقسىز ئادەملەر يۈزى
ئۇچار كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ مېنىڭ ،
يۈرىكىم سالماقتا بىلىپ تۇرۇپمۇ ،
شۇ يۈزلەر ئىچىدە چېھرىڭ يوق سېنىڭ .

پويىز كىرمەكتە كۆتۈرۈپ پەرياد ،
يۈرەكنى تىترىتەر گۈدۈك ئاۋازى .
كېيىملەر چاپلىشىپ كەتتى تېنىمگە ،
نەقەدەر ئىسسىق بۇ ۋوگزالنىڭ ئىچى .

## G نىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە

تۇغۇلۇپسەن قوشماق بولۇپ ئاي بىلەن ئەي قىز ،
گۈزەل ناخشا دۇنياسىغا بۆلۈنۈپ بۇندا .
غېرىبلىقىم باشلىنىشى سەن تۇغۇلغان كۈن ،
بىز تونۇشقان بولساقمۇ گەر تېخى يېقىندا .
مەن بىلىمەن ئۇن يەتتە يىل بۇرۇنقى بۈگۈن ،
سۆيگۈ ئوقى يوشۇرۇنچە بەتلەنگەن ماڭا .

× × ×

نېمىشقىمۇ تۇغۇلغان بولغىيدىڭ ئەي قىز
ئۆمرۈمگە دەرد ـ ھەسرەت سېلىش ئۈچۈنمۇ ؟
جېنىمغا كۈشەندە تۇغۇلغان كۈنۈڭ ،
بىلەمسەن مېنىڭكى ماتەم كۈنۈم بۇ .

كۈلىسەن ، قولۇڭدا قان رەڭلىك شاراب ،
خۇشالسەن دۇنياغا تۆرەلگىنىڭگە ،
بىلەمسەن شۇ تاپتا مەن ساڭا قاراپ ،
پۇشايمان قىلىمەن تۆرەلگىنىمگە .

ئوتقاشتەك قىپقىزىل كىيىنگەن گەۋدەڭ ،
ئوت كەبى چۈشىدۇ ئۇسۇلغا لەرزان .
يالقۇندەك يېلىنجاپ تولغۇنار تېنىڭ ،
مەنچۇ ؟ مەن مۇز كەبى قاتىمەن ھامان .

1987 ـ 1989 ـ يىللار ، بېيجىڭ



## ھېسداشلىق ۋە مۇھەببەت

بېسىپ تاغمۇ ئېگەلمىگەن غايەت بەستىمنى ،
ئەگدى يادەك ، يەردە سولۇپ ياتقان قىزىل گۈل ؛
ياشنىدى ئۇ كۆز ياش بىلەن سۇغارسام ،
بىراق ـ
ئۇنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىغا سوزالمايمەن قول ،
كۆز ياشلىرىم مۇزغا تېمىپ چاچراتتى ئۇچقۇن .

ئۇنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىغا سوزالمايمەن قول ،
ئاشۇ چەكسىز گۈزەللىكتىن ئەيمەندى تېنىم ،
ھەممە ئەتراپ سۆيۈشلەرگە تولغان كېچىدە ،
ئاڭلىنىدۇ شىۋىرلاشلار بۇندا بىتتىنىم .
كۆز ياشلىرىم مۇزغا تېمىپ چاچراتتى ئۇچقۇن .

ھەممە ئەتراپ سۆيۈشلەرگە تولغان كېچىدە ،
مەن قاراڭغۇ ئورمانلارغا باسىمەن ئاياغ ،
قۇلىقىمغا شىۋىرلايدۇ تامچىلاپ يامغۇر ،
ئاڭلىنىدۇ ، لېكىن ماڭا ئۇ چەكسىز يىراق .
كۆز ياشلىرىم مۇزغا تېمىپ چاچراتتى ئۇچقۇن .

تېنىم يەردە ياتقان گۈلگە ئېگىلگەن كېچە ،
چىغىر يوللا ئاھ ، ئەجەللىك ئازدۇرغان شۇدەم ،
ھەممە ئەتراپ سۆيۈشلەرگە تولغان دەقىقە ،

بىر يارىدەك كۆرۈنگەندە غۇۋا كۆلەڭگەم ،
كۆز ياشلىرىم مۇزغا ئېمىپ چاچراتتى ئۇچقۇن .

1986 ـ يىل 19 ـ ئۆكتەبىر ، بېيجىڭ



## شائىرە زىبۇننىساغا

ئەركەك شىر كۆكسىدىن مەن سۈت تەلەيمەن ،
مەن يىلان ئاغزىدىن شەكەر تەلەيمەن .
— زىبۇننىسا .

ئەي ، گۈزەل مەلىكەم ئاچقىن كۆزۈڭنى ،
سەندىكى جاسارەت يوقالدى نەگە ؟
سۈۋۈدى ئاھ ، ئوتتەك ۋۇجۇدۇڭ قاچان ،
لايىق بوپ بۇ مۇزدەك تۇپراق تەكتىگە ؟

نەلەرگە يوقالدىڭ نازۇك مەلىكەم ؟
ئۆگەتكىن سەن ماڭا رەھىمدىللىقنى .
ئۆگىنەي ئۆزۈمگە رەھىم قىلىشنى ،
زەھەرلىك يىلاندىن شېكەر تىلەشنى .

چاقىردىم ئىسمىڭنى يىگىرمە بەش رەت ،
مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ئالدىيالمايمەن ،
كۆرۈنمەس زېمىندا سېنىڭ كۆلەڭگەڭ ،
مەڭگۈلۈك كۈتۈشكە ئېشىنالمايمەن .

تۇرىمىز ئەسىرلەر ئاخىرىدا بىز ،
دۇنيادا يوق ئەمدى تىراگېدىيە .
قەلبىمگە ئازابلار سالالماس ھىجران ،

ۋىسالمۇ خۇشاللىق ئەمەس بۇ يەردە .

كۆزلەرگە تۇيدۇرماي تىقىلماقتا قۇم ،
يوقتۇر بىز تەلپۈنگەن تىراگېدىيە ،
قولۇمنى كۆتۈرۈپ قىلىمەن پەرياد :
« نەلەرگە يوقالدىڭ گۈزەل مەلىكە ؟! » .



## سۆيۈش

مۇز بىلەن يېزىلغان خىر تەقدىردىن ،
تىلەيمەن پەقەتلا سۆيۈملۈك جانان :
قاپقارا ئىس شوراپ ئالاي لېۋىڭدىن ،
بىكېرەك شېرىن مەي ئوتلۇق ھاياجان .
ئاھ ! ئۆلۈم تېتىسا سۆيۈشلىرىڭدىن ،
ھاياتتا پەقەت سەن ماڭا تەۋەجان
سۆي مېنى ، ئۆتۈنۈپ قالاي سېنىڭدىن ،
خۇماردىن بىر چىقاي ، قالمىسۇن ئارمان .

سوغۇق يەر ۋە يىراق يوچۇن ئاسماندىن ،
ھايات دەپ نېمىنى تىلەپ ئالاي مەن ؟
سوغۇقلىق ، يىراقلىق ئۆتكەندە جاندىن
تېنىمدە جان — سۆيۈش ، سۆيگىن مېنى سەن !
مۇردىغا ئايلانسام ئەگەر
لېۋىڭدىن ،
سۆيسەڭ جان كىرىدۇ تېنىمگە جەزمەن ،
ئاخىرقى ھارارەت ئۆچمەس قېنىمدىن ،
دۇنيا قاپلانسىمۇ چەكسىز مۇز بىلەن .

قاپقارا ئىس شوراپ ئالاي لېۋىڭدىن ،
ھاياتتا ناماكا ـ ئاچچىق ئىس كېرەك .
دۇنيادا پەقەتلا سېنىڭ تېنىڭدىن ،

هارارەت ئالدۇ جېنىم ۋە يۈرەك .
مۇزلىغان تېنىمنى قۇچ باغرىڭدا سەن ،
ئۆتىنەي ! ئاھ ، ماڭا هارارەت كېرەك .

1989 ــ يىل ئاپرېل ، بېيجىڭ



## قاچۇرمەن كۆزۈمنى

سېنىڭ جىمجىت كۆز نۇرۇڭ روھىم ـ
بوشلۇقىدا پەيدا قىلدى غار ،
بەكمۇ چوڭقۇر بىراق قۇپقۇرۇق
سېنىڭ ئاشۇ كۆزۈڭدەك دىلدار .

كۆزلىرىمنى شۇ كۆزلىرىڭدىن
قاچۇرمەن شۇنىڭدىن بېرى .
بىراق يەنە بولىمەن مەپتۇن ،
ئاغار يۈرىكىم شۇ ئۆلۈم سىرى .

1989 ــ يىل 6 ــ ئاي ، بېيجىڭ

## تاڭ سەھەر يامغۇردىن كېيىن چىمەندە

تاڭ سەھەر يامغۇردىن كېيىن چىمەندە
چاقنايدۇ كۆز ياشلار كەبى شەنبەملەر .
خىيالىي ناخشىدەك تۇرىدۇ لەيلەپ
غۇۋا ، سۇس تۇمانلار ئىچرە بۇ شەھەر .

چىملىقتا ياتىمەن جىمجىت يانپاشلاپ
خىياللار قوينىدا خۇشبۇي . . . ئازادە . . .
قەلبىمگە بىۋاستە ھىد چاچار گۈللەر
نەمخۇش مۇھەببەت نەمخۇش يۇرەكتە . . .

1987 ـ يىل 5 ـ ئاي ، بېيجىڭ



## SH غا

ئەي قىزچاق يىگىتلەر قىلغاندا ۋەدە
ئىشەنمە ساڭا جان پىدا دېگەندە ،
ئىشەنمە قىلسىمۇ راستىن جان پىدا
ھېچ نەرسە تەڭ ئەمەس بىلسەڭ سۆيۈشكە .

ئىشەنمە كۆز ياشقا ، ئىشەنگىن پەقەت
ھەسرەتلىك ئۈمىدتە جىمجىت بىقىشقا .
ئۈمىدتەك پاك ئەمەس ۋەدە ۋە كۆز ياش
قەسەمنى ئۈمىدكە تېگىشمە ئەسلا .

1989 ـ يىل 23 ـ ئاپرېل ، بېيجىڭ

## بوغۇلغان ئىلھام

بوغۇلغاندا مۇڭدەك ئىلھاملار ،
ئىشىك چەككەن شەپە كېلىدۇ .
يۈرىكىمنىڭ بىغى ئۈزۈلۈپ ،
ئىشىك تامان ئۇچۇپ كېتىدۇ .

ماڭا ئايان : يوق ھېچكىم ،
لېكىن
ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىمەن .
يۈرىكىمدە تاتلىق بىر يىغا ،
لېكىن ئاچچىق كۈلۈپ قويىمەن .

1989 ـ يىل 9 ـ ئاۋغۇست ، ئۈرۈمچى



## ئۇچقۇنداپ تۇرار قار كۆيگەن يۈرەكتەك

ئۇچقۇنداپ تۇرار قار كۆيگەن يۈرەكتەك ،
قورقىمەن قەدەملەر بېسىپ ئۆتۈشتىن ،
قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ گۇگۇم ،
قورقىمەن ئاھ شۇندا سېنى سۆيۈشتىن .

خۇنۇك كۆك ئوخشايدۇ يۇندا كۆلگە ،
تۆكىدۇ پايانسىز قار ئۇچقۇننى .
كىشىلەر ئالدىراپ ياناماقتا ئىشتىن ،
كېسىشىپ ئۆتمەكتە قارلىق كوچىنى .

قولۇمدا تۇرىدۇ بىھوش مەكتۇپ
ئۇ غۇۋا تىلىنى چۈشەندۈرەلمەس .
ئاھ ئۇنىڭ كۈيىنى كۈيلەپ شاماللار
ئۆتىدۇ يېنىمدىن يىغلاپ مەست ـ ئەلەس .

1989 ـ يىل 28 ـ نويابىر ، ئۈرۈمچى

## تۈنجى سۆيگۈ . . . تۈنجى ئۈنتۈش

ئۆگىتىپلا چىداشلارنى خىجىللىقلارغا ،
ئۆگىتىپلا چىداشلارنى رەشىك ئوتىغا ،
ھەممىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ بولساڭ يالغاچ ،
يۈتتى سۆيگۈ!
نېمە كېرەك يۈرىكىم ساڭا ؟

ئۇنۇت يۈرەك ، ئۇنتۇغاندەك دۈشمەنلىشىشنى ،
ھالسىرىدىڭ ، پەقەت بۇندا ئۇنتۇلۇش ئارام :
تۇنجى دېمەك ھايات ئۈچۈن پەقەت بىر ئەمەس
سانسىز تۇنجى پەيدا قىلغىن مېنىڭ دىل يارام .

1989 ــ يىل 6 ــ دېكابىر ، ئۈرۈمچى



## ئاسىي دوست

ھېچكىممۇ قەلبىمدە پۈتەلمەس شېئىر ،
ھېچكىممۇ سېنىڭدەك ئازابلىيالماس
ئايدىڭدا بىز كەزگەن ۋەيرانە يوللار ،
قەلبىمدە قايتىدىن زاھىر بولالماس .

بىز بىللە ئايلانغان غېرىب كوچىلار ،
چۆمۈلمەس قايتىدىن ئاينىڭ نۇرىغا ؛
ئۇ يەردە قېپقالغان تۆنۈگۈنكى دوست
يول ئالدى باشقا بىر ئايدىڭ كوچىغا .

1990 ــ يىل 16 ــ فېۋرال ، ئۈرۈمچى

## سوۋغا

ئۆلۈمنى سوۋغا قىلدىڭ يېڭى يىلىمغا ،
ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ مېنىڭكى ئىدىغۇ شۇنداق ،
سەزدىڭمىكىن ئايىغىڭنى چۆكۈرمەكتە قار
شۇ ئىللىق سۆز يۈرىكىڭدىن چىققاندۇ قانداق ؟

مۇزدەك قولدا قوبۇل قىلدىم ئىللىق سوۋغاڭنى ،
سوۋۇپ كەتتى قارلىق يولنى بېسىپ بولغۇچە .
قايتىپ كەلدىم شۇۋىرغانغا لىق تولۇپ . . . تويۇپ ،
بىر كۆلەڭگە لەيلەپ يۈرەر سوغۇق ئۆيۈمدە .

قالماپتۇ ھېچ سۆيۈشلەرنىڭ ئىزلىرى بۇندا ،
ئاشۇ يولدا تېپىلىشتىن قۇتۇلدۇم تەستە .
سەن تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن سوۋغا قىلغان شۇ
ئۆلۈمىم ئۈن ـ تىنسىز يۈتۈپ بوپتۇ بىر پەستە .

ئاھ ، ئۆلۈمىم ئەزەلدىنلا مېنىڭ ئىدىغۇ ،
يالغۇزلۇقتا چىدىيالماي قالدى ۋۇجۇدۇم ،
ئۆلۈمىمنى سەن سوۋغا قىپ بەرگەندىن بېرى ،
سەنمۇ كەتتىڭ ، ئۇنىمۇ ھەم يوقىتىپ قويدۇم .

خاپا بولماڭ كۆڭلىڭىزگە ئازار بەردىم دەپ ،
سەن كەچۈرۈم سورىغانتىڭ كۆزۈمگە قاراپ .



ھېچقىسى يوق كۆنۈپ كەتتىم ئازار يېيىشكە ،
ماجالىم يوق سۆزلىرىڭگە بەرمىدىم جاۋاب .

نېچۈن مېنى بېكەتكىچە چىقتىڭ ئۇزۇتۇپ
ئاچچىق سوغۇق تىترەتمەكتە مېنىڭ تېنىمنى
ئۆلۈمىمنى سوۋغا قىلدىڭ يېڭى يىلىمغا
ئاھ ، نېمەمنى سوۋغا قىلاي مەن ساڭا ئەمدى ؟

1990 ـ يىل 1 ـ يانۋار، 27 ـ مارت ، ئۈرۈمچى

# تۇنجى تۇيغۇ

كۆڭۈلسىز شاماللار ئۇچماقتا ھەريان ،
يادىمدا بىز بېسىپ ئۆتكەن بۇ يوللار ،
ئايىغىم ئاستىدا ئاشۇ چاغدىكى ،
ئىككى جۈپ ئاياغتىن چىققان تاۋۇشلار .

يۈرىكىم كەينىدە تىترىگەن قولۇڭ ؛
مەقسىتى ھەم مېنى ئازابقا قويۇش ،
تىترىتىپ ئۆتمەكتە جىسمىڭنى شۇ تاپ ،
بۇ سېنىڭ بارلىقىڭ ئۇلۇغ ۋە رايىش .

ئالدىراپ بىر رەتلا بولۇپ ئۇ سېزىم ،
يوقىلىپ بارماقتا تېنىڭنى تاشلاپ ،
سەن ئاڭا قىيمىدىڭ ، تولغىنىپ كەتتىڭ ،
ۋەيرانە تىكىلدىڭ كۆزۈمگە قاراپ .

سەزدىمكى مەن ئەمەس تەشنا بولغىنىڭ ،
تۇنجى ھاياجانىڭ تاتلىق سەزگۈسى .
چاقنايدۇ تېنىڭدىن سوزۇلۇپ چىقىپ
كەلگەن جان تەرىزدە قار چۇققىلىرىڭنى
شېرىن ۋەھىمىدەك ئىگىلەپ ئېلىپ ،
دوغلىنىپ ، ئۆركەشلەپ تىنتىپ كۆزۈڭنى .



كۆردۈمكى شۇ قەدەر ئېنىق ۋە يارقىن ،
مەن ئەمەس سېنىڭكى قار چۇقۇڭدىكى ،
ئۇ مەندىن يىراق ۋە خىلۋەت بىر ئالەم ،
شېرىن ھەم دەھشەتلىك كۆيدۈر گوياكى ،
يىراق مەن ئاڭلىدىم ئاڭلايمەن ھەر دەم ،
نېمىشقا يوقۇتۇپ قويدۇڭ سەن ئۇنى
ئېرىشمەك بولغانمۇ ماڭا دىل پارەم ؟!

1990 – يىل 26 – ئۆكتەبىر ، ئۈرۈمچى

## ئاڭلىغۇم بار

ئاڭلىغۇم بار دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن
يېقىن تۇرۇپ تىنىقىڭنى ، نىدالىرىڭنى ،
يىراق سەنكى شۇنچە يىراق ، لېكىن نەپىسلىك
ئۇرىلىدۇ سوغاققىنا جۇغۇلدىتىپ تېنىمنى .

كېچىلەردە ماڭا ھەمرا سېنىڭ ئۈنلىرىڭ
دېرىزەمدىن كىرەر ئۈنسىز شىۋىرغان بىلەن .
چۈشلىرىمدىن ئويغىنىمەن چۆچۈپ گاھىدا
مۇزدەك جىسمىڭ توڭلاتقاندا . . .
ئاھ ، قەيەردە سەن ؟

چىرايىڭنى كۆرگىنىمدە تونۇيالمايمەن ،
شىۋىرغانلار ئارىسىدىن ئىزلەيمەن پەقەت ،
ئارىلاشقان چېھرىڭ مەھكەم قار ئۇچقىنىغا ،
كۈۋەجەيدۇ مۇزدەك سوغۇق ئاچچىق مۇھەببەت .

1991 ـ يىل 1 ـ دېكابىر ، ئۈرۈمچى



## 20 - دېكابىر

### 1

ئېغىردىن ئېغىر بىر قىش بولدى بۇ
ئوت رەڭلىك بەدەن يانار ئالدىمدا ،
يوشۇرغىن ، يوشۇر ئوتتەك تېنىڭنى ،
( جىنايەت كەبى ياتار ئالدىمدا
ئۇزاق سوزۇلۇپ ئاچچىق خىيالدەك ) .
جىسمىمدىكى ئوت ئۆچەر شۇ تاپتا
يوشۇرماق بولما يالىڭاچ تەننى .
تېگىسىپ كېتەرمۇ دەپ سوغۇق قارغا
زىمىستان بىلەن بەدىنىڭ ئارا .
قاتتىق ۋە سۇرلۇك ، قات ـقات پەردىنى
دېرىزەمگە قىش چەككەن نەقىش قىپ
ئوتتەك ۋۇجۇدۇڭ ئىللىتار مېنى .
پەردە قاتۇرار قىش چاراسلىتىپ .

### 2

ئاپئاق ۋۇجۇدۇڭ چەكسىز بىپايان
ياتار ئالدىمدا قىپيالىڭاچ قار ،
سەزدىم بۇ مېنىڭ تۇگەشكەن كۈنۈم
مۇزدەك ۋۇجۇدۇڭ تىترىتەر دىلدار ،

مۇڭلۇق ھۇۋلىغان سەھەر كۈيىدەك
كۆيدۇرەر مېنى ئاپئاق ياغقان قار .

### 3

مۇزدەك قار نېمە ؟ ئوتتەك تەن نېمە ؟
مۇمكىنمۇ پەردە سالماق ئارىغا ،
سىڭىشىپ كەتكەن تىترەك تىترەككە
سىڭىشىپ كەتكەن كۆكرەك كۆكرەككە
تىترەپ ۋۇجۇدۇم قارايمەن ساڭا .
ئوتتەك تەن بىلەن سوغ قار بۇ يەردە ،
ئايلىنىپ كەتكەن بىرلا گەۋدىگە
مۇمكىن ئەمەستۇر ئايرىش مەڭگۈگە !

1991 ـ يىل 26 ـ دېكابىر ، ئۈرۈمچى



## ئەجەبمۇ بىر ئوماق بالا ئىدىممەن

ئەجەبمۇ بىر ئوماق بالا ئىدىممەن ،
ساناقسىز قىزلارنى ئەيلىگەن مەيتۇن ،
ئاھ ، بۇگۈن ۋۇجۇدۇم تەۋرەر شامالدا ،
چىرايىم سارغايغان شۇ قەدەر سۇلغۇن .

قانچىلاپ قىزلارنى ھەسرەتتە قويغان ،
لەۋلىرىم سۆيۈلمەي بولماقتا قاقشال .
بىلمىدىم باھارنىڭ ئىللىقلىقىنى
سەزمىدىم سۆيگۈنىڭ شېرىنلىكىنى ،
تەقدىرىم شۇ بەلكىم يوق مەندە ئامال .

ئەجەبمۇ بىر ئوماق بالا ئىدىممەن ،
بولدى سەن تاشلىۋەت ئاشۇ رەسىمنى .
يوقالدى دۇنيادىن رەسىمدىكى مەن
ئۇ رەسىم ئەمدى شاد قىلالماس سېنى .

چېھرىمگە قورۇقلار چۈشەر ئالدىراپ
ھەسرەتكە سالىدۇ بارچە ئەسلىمە .
ئۆتنەي تاشلىۋەت رەسىملىرىمنى ،
ھاياتتىن ئۆچسۇن ئىز . . . بارچە خاتىرە .

## M غا

ئوينار يۈرەك يەلكەنگىچە يېيىلىپ چۈشكەن ،
ئالتۇن رەڭلىك چاچلىرىڭنىڭ دولقۇنلىرىدا .
ئۇ — دېڭىزدا ھالاكەتكە يۈزلەنگەن قولۋاق ،
ۋەيران بولار دولقۇنلارنىڭ ئۇپقۇنلىرىدا .

بەلكىم ماڭا سۆيگۈ ئەمدى ئاچمايدۇ قۇچاق ،
پەقەت ھەسرەت ئېلىپ كېلەر گۈزەل ئاياللار ،
يۈگۈرگەنچە ئىشىك ئالدىغا چىقتىم ئۈزىتىپ ،
بىلسەممۇ سەن قارىمايسەن ئارقاڭغا زىنھار .

ئىشىك ئالدىغا چىقتىم بىراق كۆرمىدىم سېنىڭ
كۈلۈپ قاراپ تۇرۇشىڭنى ئەڭ ئاخىرقى رەت ،
كۈلۈشلىرىڭ تولغانسىرى رەزىللىك بىلەن
كۆچىيىدۇ قەلبىمدىكى تەلۋە مۇھەببەت .

بوپتۇ كەتكىن ، ئۆرۈلمىگىن ئارقاڭغا ھەرگىز
شاللاق كۈلۈپ كۆزلىرىڭنى تىكمە كۆزۈمگە .
جىم قويۇپ بەر ئارام ئالسۇن يۈرىكىم بىردەم ،
ئۇخلىۋالاي كىرىپ مۇڭلۇق سوغۇق ئۆيۈمگە .

1986 – يىل 26 – ئۆكتەبىر ، بېيجىڭ



## زىمىستان باشلىنار يانۋاردىن ھامان

مۇڭلۇق زىمىستان باشلىنار ھامان
شۇ شورلۇق بىرىنچى يانۋار بىلەن تەڭ .
دەھشەتلىك مۇزلاشقا باشلايدۇ جاھان ،
بۇ قىسمەت يانۋارغا پۈتىلىپ كەتكەن .

يانۋاردىن باشلىنلار ئايرىلىش ھامان .
يانۋاردىن باشلىنار بارچە ھالسىراش .
دەپسەندە بولۇشقا باشلايدۇ ئىدراك ،
دەپسەندە قىلىنغان سۆيگۈگە ئوخشاش .

كېسەل تەپەككۇر باشلىنار ھامان ،
يارىدار بىرىنچى يانۋار بىلەن تەڭ .
كېسەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلەر زىمىستان ،
ئاچىمەن ئۇنىڭغا قۇچىقىمنى كەڭ .

责任编辑：巴力江·扎帕尔

**情诗100首**（维吾尔文）

帕尔哈提·吐尔逊　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
乌鲁木齐市天平印刷厂印刷
787×1092毫米32开本3.875印张2插页
1998年6月第1版　1998年6月第1次印刷
印数：1——3,000

ISBN7—228—04611—0/I·1718定价：6.20元



ISBN 7-228-04611-0
9 787228 046119 >

ISBN7 — 228 — 04611 — 0
I·1718(民文)定价:6.20元